توختاش بەكرى

# ماكان رىشتى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

توختاش بەكرى

# ماكان رىشتى

(بالىلار پوۋېستلىرى)



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنار لېتىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

# ماكان رىشتى

(باللار پوۋېستلىرى)

ئاپتورى: توختاش بەكرى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.375
2014 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى
2014 - يىلى 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5515 - 3931 - 9
سانى: 3000 - 1
باھاسى: 14.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


ماكان رىشتى ........................................ 1

بويناق بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ........................ 99

تىرىك يېتىملار ئاھى ............................... 125




www.uyghurkitap.com





# ماكان رىشتى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۇقەددىمە

مۇزېيدا قىممەت باھالىق تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئەجدادلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن تارىخىي ئابىدىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاجايىپ كەشپىياتلىرى قەدىرلەپ ساقلىنىدۇ. ئۇنى ئەۋلادلار مۇرىتى كەلگەندە كۆرۈپ ئەجدادلارنى ئەسلەيدۇ.

ئادەمنىڭ كۆڭلىمۇ سىرلىق بىر مۇزېيغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭدا شۇ كىشى تۇغۇلۇپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر بېشىدىن كەچۈرگەن جىمىكى چوڭ - كىچىك ئىشلار ساقلىنىدىكەن. بۇ خاسىيەتلىك مۇزېينىڭ ئىشىكى شۇ كۆڭۈل ئىگىسى ئۈچۈن دائىملا ئوچۇق تۇرىدىكەن. بۇ كۆڭۈل ئىگىسى خالىغان ۋاقىتتا بۇ مۇزېيغا كىرىپ، بۇرۇن ئۆتكەن ئىشلارنى تېلېۋىزوردا كۆرگەندەك بەھۇزۇر، قانغۇچە كۆرەلەيدىكەن!

دېمەك، كۆڭۈل ئاشۇنداق جانلىق، ھەرىكەتچان تەبىئىي مۇزېي ئىكەنكى، ئۇنىڭغا ئورناپ قالغان كۆڭۈللۈك ۋە كۆڭۈلسىز ئىشلار، ۋەقە - ھادىسىلەر، رەڭگارەڭ تۇرمۇش كارتىنىلىرى بەزىدە چاقماق تېزلىكىدە چېقىپ ئۆتسە، بەزىدە كارۋانلارنىڭ بىر - بىرىگە چېتىلغان تۆگىسىدەك قاتار تىزىلىپ ئۆتىدىكەن.

ئادەم ياشىغانسېرى بۇ مۇزېينىڭ پائالىيىتى

بۆلەكچىلا جانلىنىپ كېتىدىكەن. دېمەكچى، بۇگۈن گېزىتتىن بىر مۇشۇكنىڭ تۆت مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئوقۇدۇم. خەۋەرنىڭ تەسىرىدىن كىچىك چاغلىرىمدا ئائىلىمىزدە يۈز بەرگەن بىر دەھشەتلىك پاجىئە كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى... ئۇ بولسىمۇ مۇشۇك ۋە ئاسلانلىرىمنىڭ بېشىغا كەلگەن تىراگېدىيە بولۇپ، ئۇ يادىمغا يەتسىلا يۈرىكىم قاتتىق مۇجۇلىدۇ. مانا، شۇ تۇرقىدا پۈتۈن ئەس ـ خىيالىم بەك يىراق ئۆتمۈشتىكى باللىق چاغلىرىمغا، يەنى 1945 ـ يىلىنىڭ ئىيۇن ئايلىرىغا ئىختىيارسىز كېتىپ قالدى.



# بىرىنچى باب

ئالتە ياش چاغلىرىم ئىدى. مېنىڭ بىر تاغىل مۈشۈكۈم بولىدىغان، ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ھەمراھىم ھەم دوستۇم ئىدى. بەش ياشلىق سىڭلىم بىلەن ئۈچ ياشلىق ئىنىم قىزىل كېسىلى بىلەن ئون سەككىز كۈن ئىچىدىلا كەينى - كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئېغىر مۇسىبەتلىك كۈنلەردە تاغىل مۈشۈكۈم ھەمراھلىقىنى، دوستلۇقىنى ھەقىقىي يەتكۈزدى. بەش يېشىمدىلا ئانىسىز، ئاندىن كېيىن بولسا قېرىنداشسىز قالغان مەندەك يېگانە ناتىۋان ئۈچۈن ئۇ مۈشۈكۈم بىردەممۇ ئايرىلغۇسىز مۆكىدىشىم، ئەرمىكىم بولۇپ قالغانىدى. مۈشۈكتىن ئىبارەت بۇ ھايۋان گەرچە تىلسىز بولسىمۇ خۇددى گەپ ۋە مەقسەتلىرىمنى ئۇقىدىغاندەك مىسكىن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراتتى. تالادىن كىرسەم مېنىڭدىن ئەھۋال سورىغاندەك ھەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىۋاتقاندەك مىياڭلايتتى. پاقالچاقلىرىمغا ئۆزىنى سۈركەپ، پۇتلىرىمنى يالاپ، پېشىمگە ئېسىلىپ كېتەتتى. مەن گويا ئۇ كىملىرىمغا گەپ قىلغاندەك: «ھە، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ نان يەمسەن؟ تاختىبېشىغا بويۇڭ يەتمىدىمۇ؟ چىقالماپسەن - ھە؟! سېنىڭ ئۇنداق يەرلەرگە چىقمىغىنىڭ ياخشى، مەن بار ئەمەسمۇ؟» دەپ كېتەتتىم - دە، ئۆزۈمنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا قارىماي ئالدى بىلەن مۈشۈكۈمگە نان چايناپ بېرىپ تويغۇزاتتىم.

مۈشۈكۈم بولسا يۇمشاق چاينالغانناننى كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە مەززە قىلىپ يەپ كېتەتتى. ئاخشاملىرى تاماقتىن كېيىن مەن بىلەن ئېلىشىپ ئوينايتتى. بەزىدە مەن دادامنىڭ چۆچىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرسام، مۈشۈكۈم قۇچىقىمدا «پىس ـ پىس» قىلىپ خورەك تارتقىنىچە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتى. چۆچەكلەر تۈگەپ بىزمۇ ئۇخلاشقا ياتقاندا، مېنى دادام باغرىغا باسسا، مەن مۈشۈكۈمنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالاتتىم.

بىز يەر ئىگىسى ــ ۋاھاپباينىڭ يېڭى قورۇسىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئېچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. قىشتا ئىچىدىكى ئۆيدە قىشلىساق، يازدا شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان تاشقىرىقى دالان ئۆيدە يازلايتتۇق.

مۈشۈكۈم ئائىلىمىزنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، بىدىنىڭ باش ئورۇمى مەزگىلىدە ئاسلانلىدى! مەن ئېچكىرىكى ئۆيدىكى قازان ئاسمايدىغان ئوچاق ئىچىدە مۈشۈكۈمنىڭ ئۆزىدەك رەڭدار، چىرايلىق يەتتە ئاسلاننى ئېمىتىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغمايلا قالدى. گويا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئۇكىلىرىمنى قايتا كۆرگەندەك ھاياجانلىنىپ قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدىم. دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان ئاشۇ ئاسلانلىرىمنىڭ خۇشاللىقىدا قاقاھلاپ كۈلۈپ، چاۋاك چېلىپ قانداقلارچە كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىمنى سەزمەي قاپتىمەن! ۋاھاپباينىڭ مەن بىلەن تەڭ دىمەتلىك قىزى رازىيە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

ــ ھەي مۇرادجان، قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟ چۈجىلىرىڭ تۇخۇمدىن چىققان ئوخشايدۇ ـ ھە؟ ــ دەپ سورىدى ۋە تولىمۇ تەقەززالىقتا كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— چۈجە ئەمەس، چۈجە ئەمەس، يۈرۈڭە! — مەن رازىيەنىڭ قولىدىن سۆرىگىنىمچە مۈشۈكۈمنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردىم. ئوچاق ئىچىدە يېنىچە بېغىرلاپ بەھۇزۇر ياتقان تاغىل مۈشۈكۈمنى، ئۇنىڭ قوينىدىكى ئۇششاق قىزىل جىنەستىدەك ئەمچەكلەرنى تالىشىپ ئېمىۋاتقان، خۇددى مۈشۈكۈمنىڭ ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئاسلانچاقلارنى كۆرسەتتىم. رازىيە خۇشاللىقىدا: «ۋىيەي... ماۋۇلارنى، ماۋۇلارنى!» دېگىنىچە ئاسلانلارغا بىرمۇبىر قاراپ، ئالقانلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، مەڭزلىرىنى سىيپاپ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. ھەتتا ئاتلاڭگا ئوينىغاندەك سەكرىگىنىچە:

— مۇرادجان، ئاسلانلىرىڭ ئېمىشتىن توختىغاندا ماڭا بىرنى بېرەمسەن؟! ماڭا بىرنى بەرگىنە - ھە، جۇمۇ، — دەپ يالۋۇرۇپلا كەتتى. مەن ئىككىلەنمەيلا:

— ئەڭ چىرايلىقىنى تاللاپ ئېلىڭ، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردۈم.

شۇ كۈندىن باشلاپ بىز بۇ ئاسلانچاقلارنى نەچچە ۋاق يوقلاپ، نان چايناپ بېرىپ يۈردۇق. ئاسلانلار ھەپتە ئۆتۈپلا مۇدۇرۇپ ئۆمىلەپ ماڭىدىغان بولۇشتى. ئۇلار چوڭايغانسېرى ئانىسىنىڭ سۈتى بىلەن بىزنىڭ چايناپ بەرگەن نانلىرىمىزغا تويمايدىغان چېغى، ئانىسى سىرتتىن كەپتەر باچكىلىرىنى، قۇشقاچ باللىرىنى تۇتۇپ ئەكېلىپ ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى توقلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىدا ھەر خىل قۇشلارنىڭ پەيلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى رازىيە ئىككىمىز ئاسلانلارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتۇق. ئانا مۈشۈك پەنجىرىدىن بىر چۈجىنى چىشلىگىنىچە كىردى. ئۇ باللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىزدىن ئۆلجىسىنى قىزغانغاندەك قىلىپ مىرقىراپ تۇرغان نىمجان چۈجىنى بىرپەس باغرىغا تىقىپ تۇردى. ئۇنى قېچىپ كەتمىسۇن دېگەندەك قىلىپ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بويۇن، قانات، پۇتلىرىغىچە غىرسىلدىتىپ چىشلەپ قويىاتتى. رازىيە بىرنەرسىنى بايقىغاندەك قىلدى ـ دە، مۇشۈكنىڭ يېنىغىراق بېرىپ ئېڭىشىپ قاراپ:

ــ ۋىيەي، بىزنىڭ چۈجە ئوخشايدۇ!... ئەنە، باشلىرى، قاناتلىرى قاپقارا، قورساقلىرى ئاپپاق تۇرىدۇ! شۇ، شۇ !ــ دېگىنىچە ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭچە ئاسلانلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن چۈجىنى تارتىپ يېگىلى باشلىدى. بىز قورقۇپ قېچىپ كەتتۇق.

بۇ ئىش بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كەچقۇرۇنلۇقى ۋاھاپباي ئىشكىمىز ئالدىدا پەيدا بولدى.

ــ مۆمىنئاخۇن، بىزنىڭ توخۇنىڭ بىرقانچە چۈجىسى يوق تۇرىدۇ، بۇنى سىلىنىڭ مۇشۈكۈڭلا يېمىسە يەر يۇتۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭىزە، مۇشۈكۈڭلىنى يوقىتىڭلا!ــ دېدى.

دادام نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ماڭا خورسىنغان ھالدا قارىدى. مەن ئاچچىقىمدا «غال ـ غال» تىترىمەكتە ئىدىم. دادام بايغا يالۋۇرغاندەك قىلىپ ۋە مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ ۋاھاپباي، بۇ يالغۇز ئوغلۇم مۇشۈككە تولىمۇ ئامراق، بەكمۇ ئېچىل ئىدى. ئۆكىلىرىدىن يېڭىلا ئايرىلىپ قالغان بالا ئەمدىلىكتە مۇشۈك ـ ئاسلانلىرىدىن ئايرىلسا، ئۇستىلەپ زەربە بولارمىكىن، تېخىمۇ يېتىمسىراپ كېتەرمىكىن؟! چۈجىلەر چوڭ بولغۇچە مۇشۈك ـ ئاسلانلارنى سىرتقا چىقارماي سولاپ باقساق، ئاشۇ يالغۇز ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىنى ئايىسىلىكەن!

مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ قالسام!ــ دېدى. مەنمۇ ۋاھاپباغا:
ــ ئاپپاق چوڭ دادا! ياخشى چوڭ دادا! مۈشۈك ـ ئاسلانلىرىمغا رەھىم قىلسىلا! مەن ئاسلاندىن بىرنى رازىيە قىزغا بېرىدىغان بولدۇم،ــ دېدىم يىغلامسىراپ تۇرۇپ.
ــ يوقات دېدىم، يوقات! بۇنداق ئوغرى مۈشۈكنىڭ بالىلىرىمۇ ئوغرى بولۇپ چىقىدۇ،ــ دېدى ۋاھاپباي قوللىرىنى شىلتىپ، ئۇيان ـ بۇيانغا ئالچاڭلاپ مېڭىپ يۈرۈپ. دادام ناسۋال چېكەتتى. ئالدى بىلەن بايغا ناسۋال تۇتتى ۋە:
ــ ۋاھاپباي، ئاچچىقلىرىنى يۇتسىلا. مۈشۈكنى يوقاتسىلىمۇ يوقىتالا، ئەمما ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قالارلىمىكىن؟!ــ دېدى.
ۋاھاپباي ئىككىلىنىپ تۇرمايلا:
ــ چوقۇم يوقىتىسەن، سەن يوقاتمىساڭ، مانا مەن يوقىتىمەن. ئۇۋالى بولسا ماڭا بولسۇن. ئەتىگەنلىككە شەھەرگە بېرە ھارۋىسى ماڭىدۇ، شۇنىڭغا سېلىۋەت!ــ دېدى ـ دە، كەينىگە قايرىلىپ ۋارقىرىدى،ــ قوزەك، ھاي قوزەك، مايانقا كەل!
قوزەم ئاكا دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ سورىدى:
ــ خوش ۋاھاپباي، نېمە گەپ؟
ــ ماڭ، شەھەردىن كاللا ـ پاقالچاق ئاچىقىدىغان قاپنى ئېلىپ چىق!ــ ۋاھاپباي ئاغزىدىكى ناسۋالنى يەركۇۋېتىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.
قوزەم ئاكا قان ـ يىرىڭلار تېشىغا تەپچىپ قېتىپ كەتكەن بىر قاپنى ئەكەلدى. ۋاھاپباي دادامغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


— ئاسلانلارنى ئانىسى بىلەن قاپقا سېلىپ ئاغزىنى بوغۇپ بەر، — دېدى.

— يوقسۇ، ۋاھاپباي، ئۇنداق قىلىشقا مېنىڭ قورېبىم يەتمەيدۇ، قولۇممۇ بارمايدۇ. ناۋادا بىزنىڭ ئىلتىجالىرىمىزنى قوبۇل كۆرمىسىلە، ئۇ ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلسىلا، — دېدى دادام ئاچچىقلاپ تۇرۇپ.

مەن ئىشنىڭ راستتىنلا چاتاققا ئايلانغانلىقىنى پەملىدىم - دە، ئىچىدىكى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرگىنىمچە ئوچاقنىڭ ئۈستىگە جوزىنى كۆمتۈرۈپ قويدۇم. ۋاھاپباي ھايال قالمايلا قوزەم ئاكىنى ئالدىغا سېلىپ دالان ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا قاراپ چىقتى. بۇ يەردە مۇشۇك كۆزىگە چېلىقمىغاندىن كېيىن ئىچكىرىكى ئۆيىمىزگە كىردى. مېنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى. ئۇلار ئاۋارە بولمايلا ئاسلانلىرىمنى تېپىۋالدى. ئەمما، ئانا مۇشۇك يوق تۇراتتى. ۋاھاپباي قاپنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، قوزەم ئاكىغا ئاسلانلارنى سېلىشنى بۇيرۇدى. ۋاھاپباينىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەي مۇمكىنمۇ؟ ئۇنى رەت قىلىش دېگەنلىك يەۋاتقان ئاش - ناندىن مەھرۇم قىلىش دېگەنلىكقۇ؟! چۈمۈلە قاتارلىق جانىۋارلارغىمۇ ئازار بېرىشنى راۋا كۆرمەيدىغان بىچارە قوزەم ئاكىنىڭ بۇ جانىۋارلارنى جەھەننەمگە يوللاشقا قانداقمۇ قولى بارسۇن؟!

ئامال قانچە، بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق - دە! ئۇ گويا كۆمۈر چوغىنى تۇتۇۋاتقاندەك، قولى كۆيۈپ قالىدىغاندەك ئاسلانلارنى بىردىن - بىردىن ئاۋايلاپ ئېلىپ قاپقا سېلىشقا باشلىدى. مەن: «دادا!» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. تالادىن دادامنىڭ: «بۇياققا يېنىپ چىق، بالام» دەپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى. مەن ئۇن سېلىپ يىغلىغان پېتىم

چىقىپ دادامنىڭ پۇتىغا ئېسىلدىم. دادام ئىككى ئۇكام ۋاپات بولغان چاغدىكىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، بەلبېغىنى مەھكەم غىجىملىغىنىچە تۇراتتى. ئۇلار ئۆيدىن چىقىشتى. ۋاھاپباي دادامغا گۈلىيىپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى:

— ئاسلانلارنىڭ ئانىسى قاچان كەلسە، شۇ چاغدا قوزەككە تۇتۇپ بەر! ئەگەردە باھانە كۆرسىتىپ تۇتۇپ بەرمەي ئەتىكى هارۋىدىن قېپقالغۇدەك بولسا، مۆمىنئاخۇن مەندىن يامانلىماڭلا!

شۇ ئارىدا تاغىل مۇشۇكۇم مىياڭلاپ كەلدى. ئۇ «باللىرىم قېنى؟ باللىرىمغا يېگۈزىدىغان هېچ نەرسە تاپالماي كەلدىم، ئۇلارغا بىرەر نەرسە بېرىڭلار» دېگەندەك قىلىپ، مېنىڭ ۋە دادامنىڭ پۇتلىرىغا ئۆزىنى سۈركىگىلى تۇردى. بىزدىن ئەمدىلا يىراقلىغان ۋاھاپباي ئارقىغا بۇرىلىپ مەن قوينۇمغا تىقىشتۇرۇۋاتقان مۇشۇكنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ خۇددى چۈجىگە ئېتىلغان سادەك ماڭا ئېتىلدى. مەن مۇشۇكۇمنى باغرىمغا چىڭڭىدە بېسىپ تۇرۇۋالدىم. ۋاھاپباي مۇشۇكنى باغرىمدىن يۇلۇپ تارتىۋىلىپ قاپقا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم بوغدى، ئاندىن قوزەم ئاكىغا بۇيرۇق بىلەن تاپىلىدى:

— ئەتە يېرىلغانىيارغا بارغاندا، بۇ يىرتقۇچلارنى يارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە تاشلىۋەت! ئەمدى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن!

قانداقلارچە كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىنى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە سەزمەي قاپتۇق. نېمە يەپ، نېمە قويغىنىمىزمۇ ئېسىمىزدە يوق. «ئاھ ـ ئۇھ» بىلەن يېتىپ قالدۇق. دادام ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com



مەن بولسام يىغلاپ يېتىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىن بىلمەيمەن. ئەتىگىنى ئويغىنىپ هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقسام، بىدە باسقان هارۋا ئاللىقاچان شەهەرگە مېڭىپ كېتىپتۇ. كۈندىكى ئاۋات، كۆڭۈللۈك بۇ قورۇ ماڭا خۇددى گۆرىستانلىقتەك سۆرۈن، زىمىستاندەك سوغۇق بىلىنىپ كەتتى. مەن يىغلاپ ئەتىگەنلىك چايىنىمۇ ئىچمىدىم. باينىڭ قىزىمۇ ماڭا خېلى كۈنگىچە كۆرۈنمەي مارىلاپ قېچىپ يۈردى. مېنىڭمۇ مىجەزىم ئۆزگىرىپ ئاغرىپ قالدىم.

ئالتىنچى كۈنى سەهەردە ئۇسساپ كېتىپ سوغۇق چاي ئىچەي دەپ ئورنۇمدىن قوزغالسام، يوتقىنىمنىڭ ئاياغ تەرىپى ئېغىر تۇيۇلدى. سىيپاشتۇرۇپ قارىسام، مۈشۈكۈم بىلەن ئاسلانلىرىم قولۇمغا ئۇرۇلدى. ئالدىراپ قاراڭغۇدا ئۇلارنى تولۇقمىدۇ دېگەن ئويدا بىر - بىرلەپ تۇتۇپ ساناپ چىقتىم. يۈرىكىم ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. «دادا!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتكىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئەنسىز، هاياجانلىق ۋارقىرىشىمدىن دادام چۆچۈپ ئۆندەرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە بولدى، بالام؟ نېمە بولدۇڭ؟! قورقما، تىنچ يات، مانا مەن يېنىڭدا بار، بالام! — دەپ مەن تەرەپكە ئۆرۈلدى. مەن ئاۋازىمنى خۇددى باي ئاڭلاپ قالىدىغاندەك ئىككى قولۇم بىلەن ئاغزىمنى چىڭڭىدە بېسىۋالدىم. سەل ئېسىمنى يىغىۋالغاندىن كېيىن تۆۋەن ئاۋازدا دادامنىڭ قۇلىقىغا:

— دادا، دادا، مۈشۈكۈم ئاسلانلىرى بىلەن يېنىپ كەپتۇ — دېدىم.

— نېمە، نېمە؟ جۆيلۈۋاتامسەن، قىزىپ قالغان

ئوخشايسەن ـ ھە،ـ دېگىنىچە قاداق باسقان قولى بىلەن پېشانەم ۋە بەدەنلىرىمنى سىلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

ـ دادا، مەن جۆيلۈمىدىم، ئويغاقمەن،ـ دېدىم پەس ئاۋازدا،ـ مانا قارا، مانا قارا، ئاسلانلىرىم قايتىپ كەپتۇ دەۋاتىمەن! ھەممىسى ئاياغ تەرىپىمدە ياتىدۇ!

دادام ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياندۇردى. يوتقىنىمنىڭ ئاياغ تەرىپىنى بېسىپ ياتقان ئاسلانلىرىمنى كۆرۈپ: «راستكەن بالام، راستكەن» دېگىنىچە مېنى باغرىغا باستى. بىز بىرپەس ئاسلانلارنىڭ باش ـ كۆزىنى سىيپاشتۇردۇق. دادام دەرھال ئاشخانىقى تاماقتىن كېيىن پېشۇرغان قازان نېنىنىڭ يۇمشاق يېرىدىن پارچە ـ پارچە قىلىپ بۇ ۋاپادارلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ بەردى. بىراق، ئۇلارغا ھاردۇق يېتىپ كەتكەنمۇ ياكى ئانىسى سەپەر جەريانىدا بىرەر نەرسە تۇتۇپ ئوزۇقلاندۇرغانمۇ بىر ـ ئىككى چىشلەمدىن يەپ قويۇپلا سوٌنايلىنىپ يېتىپ كېتىشتى. ئانا مۇشۇكنىڭ پۇت ـ قوللىرى لاي تۇراتتى. مەن دادامدىن سورىدىم:

ـ دادا، يېرىلغانيار دېگەن يەر قانچىلىك يىراقلىقتا؟ يىراق بولسا ئاسلانلار ئۇششاق پۇتلىرى بىلەن قانداقمۇ مېڭىپ كەلگەندۇ؟

دادام چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئاغزىغا ناسۋال سالدى ۋە ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ـ بۇ ئاسلانلارنى تاشلىۋەتكەن يەر ئوتتۇز چاقىرىمدىن ئارتۇق. پىيادە ماڭغان ئادەمگىمۇ بىر تالاي يول. مۇشۇكنىڭ يەتتە ئاسلاننى بۇ يەرگە قايتۇرۇپ كېلىشى بىر مۇشكۈل ئىش. ئانىسى بىر بالىسىنى يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم ياكى ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەم ئارىلىققا گەجگىسىدىن ئاۋايلاپ چىشلەپ كۆتۈرگىنىچە

ئەكىلىپ قويۇپ، كەينىگە قايتىپ يەنە بىرنى ئەكىلىدۇ. ئاشۇنداق قىلىش بىلەن ھەممىسىنى جەم قىلىپ بولۇپ، ئىككىنچى نۆۋەت يەنە يۇقىرىقىدەك ئاربىلىقتا توشۇيدۇ. سەپىرىنىڭ بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن ئوت - چۆپ، چاتقاللارنىڭ ئىچى، سۇيى يوق ئېرىق - ياردا، لار بىلەن مۆكۈپ - تىقىپ يۈرۈپ نەچچە مىڭ قېتىملاپ تەكرار يول يۈرۈش ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ. قوي، نېمىسىنى ئېيتىسەن ئوغلۇم، بۇ شۇنچىلىك مۇشكۇل، شۇ قەدەر جاپالىقكى، بۇنداق جان پىدالىقنى پەقەت ئانا بولغۇچىلا قىلالايدۇ ھەم چۈشىنەلەيدۇ. ئەگەر شۇ جەرياندا ئىتقا ئوخشاش بىرەر رەقىبى ئۇلارنى كۆرۈپ قىلىپ چېقىلىدىمۇ - بولدى، ئانىسى ئۆلۈپ - تىرىلىشىگە باقماي رەقىبى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. بەختسىزلىككە ئۇچرىمىسىلا ئاخىر مۇشۇنداق ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى تاپىدۇ!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرەك - باغرىم سىيرىلىپ كەتتى. «پاھ! ئانا دېگەن قالتىس قەھرىمان، قالتىس مېھرىبان - دە ! ئۇ ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن نەقەدەر جان پىدا قىلالايدۇ - ھە؟! ئۆزى ئۆسكەن يەرنىڭ قەدرىگە يېتىشىچۇ تېخى.»

مەن مۇشۇك - ئاسلانلىرىمىنىڭ باشلىرىنى، دۇمبىلىرىنى ئالقىنىم بىلەن سىلىق سىيپىغىنىمچە ئاشۇنداق تەسىراتلار، خىياللار قاينىمىغا چۆكۈپ كېتىپتىمەن.

بىز ئاسلانلارنى ئانىسى بىلەن دالان ئۆيدىكى كۆكتات ئورنىغا جايلاشتۇرۇپ، ئاغزىنى ھاۋا كىرگۈدەك قىلىپ ئەتتۇق - دە، ئوغرىلىقچە ئۇزۇقلاندۇرۇپ يۈردۇق.

— ئاسلانلىرىڭ چوڭ بولۇۋالسۇن، بالام، بايغىمۇ

خۇدايىم ئىنساب بىرەر، ــ دەيتتى دادام مېنى خاتىرجەم قىلىپ.

مەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خۇددى ۋاھاپىپاي ئەزرائىلغا ئايلىنىپ كېلىپ مۈشۈكلەر بىلەن قوشۇپ مېنىڭمۇ جېنىمنى ئالىدىغاندەك ئەندىشە ئىچىدە يۈردۈم. دائىم ۋاھاپىپاينى پايلاپلا يۈرەتتىم. ناۋادا، ئۇ قورۇ ئىچىدە بىز تەرەپكە مېڭىپ قالدىمۇ، بولدى، پۇت ــ قولۇمدا جان قالمايتتى. ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رازىيە بىلەن تالادا ئويناۋاتاتتۇق. گەپتىن ــ گەپ چىقىپ سەۋزە يېگۈمىز كېلىپ قالدى. ئۇنداق بولۇشى بىز بەزىدە رازىيەلەرنىڭ كۆكتات ئورىسىدىن، بەزىدە بىزنىڭ كۆكتات ئورىمىزدىن سەۋزە ئېلىپ يەيتتۇق. شۇ بويىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ، رازىيەلەرنىڭ كۆكتات ئورىسىنى ئاختۇردۇق. بۇ مەزگىل يازلىق سەۋزىلەر چىقاي دەپ قالغان چاغ بولغاچقا ئورىلاردىكى سەۋزىلەرمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. بۇ قېتىم پەقەت يېرىمى سېسىق ھەم قورۇلۇپ قالغان بىر تالالا سەۋزە چىقتى. ئەلۋەتتە ئۇنى يېگىلى بولمايتتى. بىز بىرپەس مەيۈسلەندۇق. سەۋزە يېيىش شېرىن خىيالى بىلەن ئاغزىمىزغا يىغىلغان سۈلارنى تامشىپ يۇتۇشقان ھالدا، بىر ــ بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. شۇ ئارىلىقتا رازىيە: «ئەمدى سىلەرنىڭ كۆكتات ئورائىلارغا قاراپ باقايلىچۇ، بەلكىم ئۇ يەردە سەۋزە باردۇ، بولغاندىمۇ جەزمەن ياخشىلىرى بار» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى. بىز يۈگۈرۈشۈپ بىزنىڭ ئۆيگە كىردۇق. مەن ھېچ ئويلانمايلا كۆكتات ئورىسىنىڭ ئاغزىنى شارتتىدە ئاچتىم. بىر ھەپتىنىڭياقى سىرتقا چىقىشنىڭ پەيتىنى تاپالماي زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ تۇرغان مۈشۈكۈم سەكرەپلا

ئالدىمىزغا چىقتى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن رازىيە: «ۋاي ئاپا!» دېگىنىچە ئۆزىنى ئارقىغا تاشلىۋەتتى. مېنىمۇ تىترەك بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭچە ئاسلانلارمۇ بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سەكرىشىپ، يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى يورۇق جاھانغا زار بولۇشقىنىدىنمۇ ئاغزى بېسىلماي مىياڭلاشقىلى تۇردى.

دەل مۇشۇ چاغدا ۋاھاپباي بىزنىڭ ئۆيگە ئوتتۇن ياردىغان پالتىمىزنى سوراپ كىرىپ قالدى ـ دە، ئاسلانلىرىمىنى كۆرۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى. بىركەمدە ئېسىنى يىغقانداك بولدى ـ دە، غەزەپلىنىپ قوزەم ئاكىنى تىللاپلا كەتتى.

ــ ھوي، نان قېپى قوزەك... ھوي، ھارامتاماق قوزەك... قارا، بۇ ئاسلانلارنى تاشلىۋەتتىم دەپ مېنى ئالداپتۇ... قايتۇرۇپ كەلگىنىنى قارا بۇنىڭ! توختاپتۇر سېنى...

ۋاھاپباي ئاشۇنداق ئاچچىقلاپ سۆزلەپ يۈرۈپ مۇشۇك ـ ئاسلانلىرىمغا ئاچ بۆرىدەك خىرىس قىلىپ، ئۇلارنى تۇتماقچى بولۇپ ئېتىلدى. يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن بىچارە جانىۋارلار يەنە بىر خەتەرلىك ئەھۋالنى بايقىغانداك ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە ئېتىشىپ، بۇ جاللات تەلەت رەقىبىگە تۇتۇق بېرىشمىدى. مۇشۇك ـ ئاسلانلىرىمنىڭ بىرىنىمۇ تۇتالماي جىلىچىلىكتە غەزىپى قايناپ تاشقان ۋاھاپباي ئوڭ قولىقىمدىن «كاپ» قىلىپ بۇراپ تۇتتى ـ دە، ماڭا بۇيرۇق قىلدى:

ــ ھەي ئىتنىڭ بالىسى، بۈگۈن نەدىن بولمىسۇن مۇشۇكۇڭ بىلەن ئاسلانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ بېرىسەن! ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۆزۈڭنىمۇ ئاسلانلىرىڭ بىلەن قوشۇپ قاپقا سولاپ، بارسا كەلمەس يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟!

مەن ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ كەتتىم. رازىيەمۇ قورقۇپ يىغلاپ كەتتى. ۋاھاپباي قولىقىمنى قويۇۋېتىپ قىزىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. مەن بولسام ئاسلانلىرىمنى باغرىمغا بېسىپ ئۇلارغا نان چايناپ بېرىپ تاكى دادام كەلگۈچە ئۆپكەمنى باسالماي يىغلاپ يۈردۇم. دادام كەچتە — ئۇيۇقنىڭ گىرۋەكلىرى شەلپەر رەڭگە كىرگەن مەزگىلدىلا ھېرىپ - ئېچىپ ئىشتىن كەلدى. مەن ئۆزۈمنى دادامنىڭ باغرىغا ئاتتىم. دادام ئېسەنگىرەپ:

— نېمە بولدى بالام؟ بىرى بوزەك قىلدىمۇ؟ ئۇرۇۋالدىمۇ؟ — دەپ سوراپ ياشلىرىمنى سۈرتتى. مەن بولغان ئەھۋاللارنى دادامغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردىم.

ۋاھاپباي دادامنىڭ ئىشتىن كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بولسا كېرەك، بىر كونا يوغان ئاق خالتىنى تۇتقىنىچە بوسۇغىمىزدىلا پەيدا بولدى.

— مۆمىنئاخۇن، سەن قوزەكنىڭ قولىقىنى بوراپ گەپ ئۆگىتىپ مۈشۈكلىرىڭنى قايتۇرغۇزۇپ كەپسەن، بىلدىم، ئاتا - بالا ئىككىڭلار مۈشۈك يىلىلىق ئوخشايسىلەر. توۋا، توۋا، — ۋاھاپباي خۇددى تەقۋادارلارغا ئوخشاش ياقىسىنى تۇتۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەلۋەتتە ئاناڭلار سىلەرنى مۈشۈك بىلەن قوشۇپ تۇغمىغاندىكىن يوقاتساڭلار بولماسمىدى؟! مۈشۈك سىلەرگە نان تېپىپ بېرەتتىمۇ؟ يا جەننەتكە ئەكىرەتتىمۇ؟ شۇنچىلا مۈشۈكنى بېقىپ سويۇپ يەمسىلەر - يە؟

دادام ۋاھاپباينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «غال - غال» تىترەپ كەتتى ۋە ساقىلىنى قاتتىق غىجىملىدى. بۇ ھال

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



دادامنىڭ ئاچچىقىنىڭ چىكىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. «ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مۆمىن، ئاق كۆڭۈل دادام مۇنۇ ئادەمنىڭ زالىملىقىغا خاپا بولۇۋاتقانمىدۇ؟ ياق، ياق، باينىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقىغا دائىم يول قويۇپ، سۈكۈت قىلىپ كېلىۋاتىدىغۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا دادام بىر قولىنى ئىككى قىلالمايۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇنۇق پۇتى بىلەن سۇغا كىرەلمەيدىغان ئەھۋالدا تۇرسىمۇ، ۋاھاپباي: ‹ھەرقانداق ئىشنىڭ بولسىمۇ قويۇپ تۇرۇپ، بېدەمنىڭ سۈيىنى تۇتۇۋەت!› دەپ بۇيرۇق قىلىپ، دادام ئەھۋال ئېيتسىمۇ ئۇنىماي كانىيىنى بوغقاندا، قول ياندۇرماي تۇرغانىغۇ؟! شۇ چاغدا مەن دادامغا: ‹دادا، باي گېلىڭنى سىققاندا، نېمىشقا ئېتىزلاردا يىلان، دۆ ـ چايانلارنى كەتمىنىڭ بىلەن ئۇرۇپ مىجىۋەتكەندەك ئۇنىمۇ ئۇرۇپ مىجىۋەتمەيسەن؟!› دەپ سورىدىم. دادام: ‹ھەي بالام، ھەي بالام! جاھان شۇلارنىڭ، يەر ـ سۇمۇ شۇلارنىڭ تۇرسا. ئۇ مۇتتەھەمنى بىرنى ئۇرۇپ قويغان كۈنى پۇت ـ قولۇمنى يەرگە تەگكۈزمەي مېنى يامۇلغا سولىتىۋېتىدۇ. سەن قارانچۇقسىز تىرىك يېتىم بولۇپ قالىسەن ئەمەسمۇ. شۇڭا ھەرقانچە بولسىمۇ ئاچچىقنى يۇتقۇلۇق، سۈكۈت قىلغۇلۇق. ئاچچىقنى يۇتقانلىق يولۋاسنى يەڭگەن بىلەن باراۋەر ئىش، بالام. بۇنى بىلىپ قويغىنىڭ ياخشى. ‹زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق›، دېگەن گەپمۇ بىكار چىقمىغان›، دادام ئېغىر ئۇھ تارتىپ دولامغا يەڭگىل ئۇرۇپ قويغانىدى. دادامنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەتەن توغرا.»

بايىدىن بېرى بايغا تۆۋەنچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان دادام تۇيۇقسىز لا جانلىنىپ كەتتى.

مەن ئىلدام بېرىپ دادامنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قوللىرىنى قوشۇپ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدىم. دادام گويا تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەمدەك سىلكىنىپ تۇرۇپ جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

ـــ ۋاھاپباي، پەيلى ـ نەپسىڭگە ئىگە بولالمىساڭمۇ ئاغزىڭغا ئىگە بول! ئاتساڭمۇ ـ چاپساڭمۇ تىلىڭ ھاقارەتسىز بولسۇن! مەن قوزەمگە مۇشۇكلەر توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىدىم. ئۇ جانىۋارلارنى پەقەت ئىگىسىگە تاپشۇرغانمەن. ھەممە جانلىقنىڭ ياراتقان ئىگىسى بار ئەمەسمۇ؟! بىچارە مۇشۇك شۇنچىۋالا بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئاشۇنداق يىراق يەردىن قايتىپ كەپتۇ. مانا بۇنىڭدىن تەسىرلىنىشىڭ، ئىچىڭ ئاغرىشى ۋە ئىنساب قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. «ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما!» دېگەن گەپ بار، ئۆزۈڭلارغا چىڭ بولساڭلار، بۇ غەلۋە ـ غوۋغالار بولماستى.

دېمەك، دادامنىڭ ئاچچىقىنىڭ نەدىن ئوت ئېلىپ لاۋۇ چېچىپ كەتكىنىنى پەملەپ قالدىم. ئۇ باينىڭ ئاشۇ: «سەن قوزەككە گەپ ئۆگىتىپ، مۇشۇكلەرنى قايتۇرۇپ كەپسەن...» دېگەن تۆھمىتى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ۋاھاپبايمۇ سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى ـ دە، ئاچچىق بىلەن ھىيلىگەرلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بىر تەلەپپۇزدا سۆزگە كىرىشتى:

ـــ مۆمىنئاخۇن، ئۆزۈڭلىنىڭ ئىسمى مۆمىن بولغان بىلەن سۆزۈڭلىنىڭ گورزىدەك تورى بار جۇمۇڭلا. گەپنى ئاۋۇتماي لايىقىدىراق سۆزلەڭلا! قېنى ئەمىسە، ئاۋۇ ئارزۇلۇقلىرىڭلارنى چاپسان تۇتۇپ ئەكېلىڭلا ـ دە، ماۋۇ خالتىغا سېلىڭلا! ئۆز قولۇم بىلەن بارسا كەلمەس يەرگە ئۇزىتىپ قوياي. ئاندىن ئۆزۈڭلىمۇ، بىزمۇ خاتىرجەم

بولىلى! بۇ مەخلۇقلىرىڭلارنىڭ ھەنتىۋاسى ئانىسى بىلەن تەڭ چوڭ بولىدىغان بولسا، يا ھەزرەت! خۇدا پاناھ بەرسۇن! بۇ قورۇدا توخۇ تۇرماق، ئامباردا سوقۇم تۇرامدىغان! ھەي توۋا! شۇنداق بالا ـ قازاغىمۇ ئىتەك ياپامدىغان. مۆمىنئاخۇن؟ ئەكىلىڭلا، ئەكىلىڭلا، قاراپ تۇرماڭلا!

دادام ئۆزىنى باسقان ھالدا يەنىلا ئاغزىغا ناسۋال ئاتتى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ ۋاھاپباي، مەن باشتا ئېيتقانغۇ، مۈشۈكلەرنى يوقىتىمەن دېسەڭلا بۇ ئۆزۈڭلىنىڭ ئىشى. مۈشۈكلەر مانا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا سوكۇت قىلىپ تۇرغىنىمىزمۇ ئاز گۇناھ، يېنىك ئازاب ئەمەس بىزگە!

ۋاھاپباي ئىشىكنى ئەتتى، پەنجىرىگە بىر پارچە كىگىز توقۇمنى كەپلىدى، ئاندىن مۈشۈكلەرنى بىر ـ بىرلەپ: «پۈش ـ پۈش» دەپ ئالداپ تۇتقىنىچە خالتىغا سالغىلى تۇردى. مەن بەزگەكتەك تىتىرەۋاتقان ئادەمدەك «غال ـ غال» تىترەپ، ئۆرە تۇرالماي دادامنىڭ ئايىغىغا يىقىلدىم. مۈشۈك ـ ئاسلانلىرىم خالتا ئىچىدە لۈمۈلدىشىپ مىياڭلىشاتتى. ۋاھاپباي خالتىنى دۈمبىسىگە ئارتقىنىچە ئۇقتى ئۆيدىن كەلگەن ھامالدەك چوڭ ـ چوڭ چامداپ چىقىپ كەتتى.

مەن گويا ئۈچەي ـ باغرىمنى سۇغۇرۇپ ئەكېتىۋاتقاندەك چىدىغۇسىز ئازابلىنىپ كەتتىم.

ــ ۋۇي رەھىمسىز زالىم، گۆر ـ كېپىنىڭگە ئوت كەتسۇن! خانىداننىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەي، ئىلاھىم! ــ دادام ۋاھاپباي چىقىپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ بوينىنى سوزۇپ ئاغزىدىكى ناسۋالنى قوشۇپ تۈكۈردى، ــ ۋۇي مۈشۈك سۈرەتلىك جىن تەگكەن يالماۋۇز ! ــ دېگىنىچە

مېنى باغرىغا باستى، — بالام، قورقما، ئاسلانلىرىڭ ئەجىلى توشمىغانلا بولسا يەنە يېنىپ كېلىدۇ. بۇدا يېنىپ كەلسە، ئۇ زالىم باي بىلىپ قالغۇچە باشقا يەرگە كەمە كولاپ، كەپە ياساپ بولسىمۇ كۆچۈپ كېتىمىز، — دادام ياشلىرىمنى سۈرتۈپ پېشانەمگە سۆيدى.

قانداق تاڭ ئاتتىكىن، كۆزۈمنى يۇمساملا ئاسلانلىرىم پۇت - قوللىرىنى سۇنۇپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، بىزنى قۇتقۇزساڭچۇ! دېگەندەك قىياپەتتە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقسام باي ھارۋىسىنى ھەيدەپ شەھەرگە كېتىپ بوپتۇ. مەن چوڭ كوچىغا چىقىپ ھارۋا قالدۇرغان ئىزنى بويلاپ خېلى بىر يەرگىچە باردىم. ۋۇجۇدۇم قايناق سۇدا كۆيۈۋاتقاندەك، يۈرەك - باغرىم قوقاستا پۇچىلىنىۋاتقاندەك ئازابلانماقتا ئىدىم. كۆز ياشلىرىم تويلىق يولغا تارام - تارام سېپىلمەكتە ئىدى. «قانىتىم بولسا ئىدى، بۈركۈتتەك ئۇچۇپ بېرىپ ھارۋىدىن ئاسلانلىرىمنى قاپ بىلەنلا قامالاپ ئېلىپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كەتسەم! بايلار يوق يەر - ماكان بولسا شۇ ياقلارغا ئاپىرىۋەتسەم!» دېگەن ئوي - خىياللاردا بولۇپ كەتتىم. «نەدىمۇ ئۇنداق ياخشى ئىش بولسۇن. ئامال قانچە، بىچارە ئاسلانلىرىم، جاپاكەش مۇشۇكۇم قاپنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي، ھېچ يەرنى پەرق قىلالماي كېتىۋاتقاندۇ. ئۇز تىلىدا بىر - بىرىگە، بىزنى نەگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ؟ نېمە تارتقۇلۇق، نېمە ئىشلاردۇ بۇ؟ نېمىلەرنى قىلاركىن بىزنى دېيىشىۋاتامدىكىن ياكى ماڭا ئوخشاش يىغلىشىۋاتقانمىدۇ؟» دەپ ئازابلانماقتا ئىدىم. ھەرقانچە قىلساممۇ ئاشۇ سەبىي تۇتقۇنلار زادىلا كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيتتى. ئەتىگەنلىك، چۇشلۇك چاي گېلىمدىن پەقەت ئۆتمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



تالادىن ئۆيگە كىرەلمەيلا قالدىم. يول ياقىلىرىدا ئاسلانلىرىم توساتتىن پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەكلا، ھەتتا ۋاھاپبايىنىڭ پەيلى بىردىنلا ئۆزگىرىپ ئاسلانلىرىم ۋە ماڭا ئىچى ئاغرىپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىدىغاندەكمۇ تۇيۇلاتتى. ھارۋىنىڭ قارىسى كۆرۈنەمدۇ دەپ شەھەر تەرەپكە ھە دەپ بويۇنداپ قارايتتىم. كۆزۈم ۋە پۇتۇم تالغاندى. خۇدۇمنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەيتتىم.

كەچ كىرىپ كۈن پېتىۋاتقاندا ئالۋاستى سۈرەتلىك ۋاھاپباي شەھەردىن چىقتى. ئۇ قورۇغا كىرىشى بىلەن قوزەم ئاكىنى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ چاقىردى:

— قوزەك، ھاي قوزەك! قېنى سەن؟! ھارۋىنى چىقىرىپ ئاتنى سولىۋەت!

ۋاھاپباي خۇددى سېپىل پارتلىتىپ شەھەر ئالغاندەك ئالچاڭلاپ ماڭاتتى. ئارىلاپ «ئاھ ـ ۋاھ» لاپ قوياتتى. ئۇ ئەمدى ئايالى ھاشىخانغا ئوق يېگەن شىردەك ھۆركىرەپ تولدى. ئۇنىڭ گېلىگە توپا تىنىپ كەتكەنمۇ ئەيتاۋۇر، ئاۋازى بەكلا سەت خارقىراپ چىقماقتا ئىدى:

— ھاشەك، ھاي ھاشەك، مايافقا چىقمامسەن! ئۆلۈكنىڭ سىڭىرىدەك جىمىپلا كېتىپسەنغۇ؟! — ئۇ كۈننىڭ ئىسسىقىدىنمۇ ئۇچىسىدىن سالمايدىغان ئۇزۇن قارا پوتا بىلەن نەچچە ئوراپ باغلىۋالىدىغان چەكمەن چاپىنىنى يەشتى. توپىنىڭ دەستىدىن قارا چەكمەن بوز رەڭگە، ۋاھاپبايىنىڭ چىرايى بولسا مۇردىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇستىباشلىرىنى قامچا دەستىسى بىلەن قېقىشتۇرغاچ:

— پاھ ـ پاھ، بۇ نەس باسقۇر يولنىڭ ئەسكىلىكىزە. توپىنىڭ دەستىدىن ئېغىز بىلەن كۆزنى ئاچقىلى بولمايدۇ. توپا دەڭنىڭ توپىسى بىر ئېقىن سۇنىڭ

ئۆزىلىدە. ئەگەردە ئادەمنىڭ بۆرنى بولمىسىزە، نەپەس ئالالماي شەھەر دېگەن يەردىن ئادەمنىڭ تىرىكى ئەمەس ئۆلۈكى چىقىدۇ، ئۆلۈكى... ۋوي ئاناڭنى ... ئاشۇ چىل بۆرىنىڭ نەسلىنى تارتقان مۇشۇكلەرنى يوقىتىمەن دېمىسەم، بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە ماڭا شەھەردە پوق بارمىتى؟! يەنە كېلىپ شەھەرنىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ قايتىش ئاسان ئىشمۇ. ۋاي بېلىم، ۋاي پۇتۇم، ماۋۇ نان قېپىلارنىڭ قاراپ تۇرۇشقىنىنى، ئۇسسۇزلۇق ئاچىقىشىمامسەن؟!

ئۇ ئاشۇنداق جان – جەھلى بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى. ئايالى بىلەن بالىۋاقىسىغا ھە دەپ بۇيرۇق قىلاتتى. توپا باسقان ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى تىلى بىلەن كالپۇكىدىن نېرى ئىتتىرىپ، بارماقلىرى بىلەن قايرىپ تۈزەشتۇرۇپ ئادەم قىياپىتىگە كىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى. مېنىڭ كۆزۈم بۇ جان ئالغۇچى ئەزرائىلدا بولۇپ، قۇلىقىم ئۇنىڭ توختىماي ۋالاقلاشلىرىدا ئىدى. «مۇشۇكۇم توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى دەيدىكىن، قانداق قىلىدىكىن؟ قانداقراق يەرگە تاشلىۋەتىدىكىن؟» دېگەنلەرنى بىلىشكە تەقەززا ئىدىم. مەن بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنى ئېنىقراق ئاڭلاش ئۈچۈن دۈگىلىتىپ ئوينايدىغان ئەلگەك قاسقىنىمنى ئۇيان – بۇيان ئوينىغان بولۇپ ئۇلار تەرەپكە ئەتەي دۈگىلىتىۋەتتىم – دە، قاسقاننى ئېلىش باھانىسى بىلەن پاراڭ بولۇۋاتقان يەرگە يېقىنلا بېرىۋالدىم. ۋاھاپىباي ئۇقى زايە كەتمىگەن ئوۋچىدەك توكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ سۆزگە كىرىشىپ كەتكەنىدى.

– ئاشۇ نەس باسقان مۇشۇك – ئاسلانلارنى كۆزدىن يوقىتاي، ئۇ مەخلۇقلار ئەتە يەنە بوسۇغامدا پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇشمىسۇن دەپ ئەكىرگەن بىدىنى شەھەرنىڭ دۆڭمەھەللە دېگەن يېرىدىكى بىر دۇكاندارغا ئەرزىنىغىلا ساتتىم. ياناشىمدا خۇمدان كوچىسى بىلەن مېڭىپ، كونا بىر ھاك خۇمدىنىغا خالتىنى ئاچمايلا تاشلىۋەتتىم. ئۇ ئۆلگۈرلەر ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئۆزلىرىنى ئۇ ئالەمدە، مۆمىنئاخۇننىڭ يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىنىڭ قېشىدا كۆرۈشىدۇ... ئەمدى خوتۇن، خاتىرجەم بولۇپ توخۇيۇڭلىغا تۇخۇم باستۇرۇۋېرىڭلا!

— ۋاي ئانىمەي، — دېدى ھاشىخان چۆچۈگەندەك، — جۇۋاينىمەك ئاسلانلارنى دەپ بىر خالتىنىڭ بېشىغا چىقىپلىدە؟! ھەي ئىست خالتام، ئىست خالتام!

※ ※ ※

كەچتە دادام ئىشتىن كېلىپ تاماق ئېتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، مەن كۆكتات ئاقلىغاچ باينىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىرىمنى دادامغا سۆزلەپ بەردىم ۋە ئالدىراپ سورىدىم:

— دادا، خۇمدان دېگەن قانداق يەر؟ راستىنلا ئاسلانلىرىم چىقالمايدىغان چوڭقۇر يەرمۇ؟

دادام جاۋابسىزلا مېنى ئۆزىگە تارتتى. دادامنىڭ كۆكرىكى بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە تۆۋەنلەيتتى. كۆكرىكىنىڭ ئىچىدىن قۇلىقىمغا تەرتىپسىز دۇپۇلدىگەن ئاۋاز ئاڭلىناتتى. دادام قوۋزاقتەك يېرىك ئالقانلىرى بىلەن بېشىمنى سىلىغىنىچە بىرھازا گەپ قىلالمىدى. ئۇ يىغىنى ئاختۇرۇپ، باشمالتاق قولىدىن سەللا چوڭراق بىغىررەڭ ناسۋال قاپىقىنى ئالدى — دە،

ئالىقىنىغا دوم قىلىپ قىيقىپ: «ئىت يېگور ناسۋالنىڭ قىرىشقاندەك توگەپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان؟!» دەپ قاقشاپلا كەتتى.

دادام خاپىلىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇۋاتاتتى. ناسۋال قاپىقىنى بىرھازا كوچىلاشتۇردى، ئاندىن يەڭگىل توكشىتىپ قاقتى. ئەمگىكى بىكار كەتمىگەنىدى. بىر چىمدىمچىلىك ناسۋال تالقىنى چىقتى. ئۇنى شېكەرنى كاپ ئەتكەندەك ئاغزىغا بىراقلا ئاتتى. ئاندىن بېشىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ بىرپەس ئولتۇردى. كېيىن ئىشەنچلىك قىلىپ مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

— ئوغلۇم، مۇشۇكۇڭ ئۆلەرمەن، ئەقىلسىز مۇشۇك ئەمەس. ئۇ خالتىنى چىشلەپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ، يىرتىپ چىقىپ ئاسلانلىرىنى قۇتقۇزىدۇ. ئۇ بىرەر كۆتۈلمىگەن بالا – قازاغا يولۇقمىسىلا ھەپتە – ئون كۈنگە قالماي يەنە قايتىپ كېلىدۇ. بالىلىرىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدىغۇ. ئەمدى ئۇلارنى گەجگىسىدىن چىشلەپ بىر – بىرلەپ توشۇپ يۈرمەيدۇ. خاتىرجەم بولغىنىكى، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە! ئەگەر ھازىر كەلمىسە بالىلىرىنى پاناھ جاي تېپىپ بېقىپ چوڭ قىلىپ، خۇددى چار مېكىيان بىر مەزگىل يوقاپ كېتىپ كېيىن ئۆزىدەك يىگىرمە بىر چۈجىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگىنىگە ئوخشاش ئاسلانلىرىڭنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

يوغان چار مېكىيىنىمىز ئالدىنقى يىلى 4 – ئاينىڭ ئاخىرلىرى يوقاپ كېتىپ بىزنى بەكلا ئەلەمدە قويغانىدى. «ئوغرى ئالدى ياكى مولۇن، ئىت يەپ كەتتىمىكىن؟» دېگەن گۇمانلاردا بولۇشقاندۇق. ئورما مەزگىلىدە، بىر كۈنى كەچ قورۇق تامنىڭ ئۈستىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قاتارلىشىپ ئانىسىغا ئەگىشىپ، بىر نىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىشىۋاتقان چۈجىلەرنى كۆرۈپ كۆزىمىزگە ئىشەنمەيلا قىلىشقاندۇق. ئۇلار چايخانا ئالدىغا كېلىپ ئۈمىد بىلەن بىزگە قاراپ تۇرۇشتى. ئانىسى قاقاقلاپ ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. مەن دەرھال ئىت تەڭنىسىگە سۇ قۇيۇپ بەردىم. ئۇلار ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئەدەپ بىلەن ئىچىشتى. ئانىسى بىر چەتتە خۇددى: «مەن قانداقكەنمەن؟» دېگەندەك كۆكرەك كېرىپ تۇراتتى. مېنىڭ بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمغا ھېچنېمە يەتمەيتتى. ئۇلارغا بىرمۇبىر قول ئۇزاتتىم. ئۇلار بۇرۇن مېنى كۆرۈپ باقمىغاچقا سەل داجىشىپ، قېچىشىپ تۇراتتى. ئانا مېكىيان مىدىرمۇ قىلىپ قويماي تۇراتتى. مەن ئۇنى ئاستا تۇتۇپ باغرىمغا باستىم ۋە بېشىنى مەڭزىمگە يېقىپ: «جېنىم توخۇيۇم، ئالتۇن توخۇيۇم» دەپ سۆيۈپ كەتتىم!

دادامنىڭ بۇ ئەسلىمىنى يادىمغا سېلىپ بەرگەن تەسەللىسى كۆڭلۈمنى خېلىلا ئارامىغا چۈشۈرۈپ قويغاندى. مەن گويا توخۇ - چۈجىلىرىمنى ئەمەس، شۇ تۇرقىدا ئاسلانلىرىمنى، جاپاكەش مۇشۇكۇمنى باغرىمغا بېسىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغاندىم. مەن شۇنچىلىك خۇشال ئىدىمكى، گويا ئاسلانلىرىم شۇ دەمنىڭ ئۆزىدىلا كېلىپ، ھەرقاچانقىدەك مەيدىلىرىمگە ئېسىلىپ، دۈمبىلىرىمگە، مۈرىلىرىمگە، باشلىرىمغا يامىشىپ چىقىشىپ، مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىشىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتەتتى. مەن ئىچىمگە سىغمىغان خۇشلۇقۇم بىلەن دادامنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ، بوينىغا گىرە سېلىۋالدىم. دادام ئىككىمىز بىرئاز چاقچاقلاشقاندىن كېيىن، مەن دادامنىڭ مەڭزىگە مەڭزىمنى يېقىپ تۇرۇپ سورىدىم:

ــ دادا، بۇ نۆۋەت مۇشۇك ــ ئاسلانلىرىم سەن دېگەندەك يېنىپ كەلسىلا راستىنلا بۇ قورۇدىن كۆچۈپ كېتەمدۇق؟!

ــ ئەلۋەتتە، چوقۇم كۆچۈپ كېتىمىز، چوقۇم كېتىمىز بالام، ــ دېدى دادام مېنى ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق پۇراپ ۋە سۆيۈپ تۇرۇپ.

※ ※ ※

مەن شۇنداق قىلىپ كۈن ساناشقا چۈشۈپ قالدىم. كۈنلەر ئاي ــ يىلدەك، ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. كۈندۈزلىرى مەھەللىمىزنىڭ چېتىگە چىقىپ ئېتىز يوللىرىغا، ئېرىق ئېچىلىرىگە، قوراي ــ چاتقاللار ئارىسىغا قارايتتىم. قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئەتراپنى تىڭشايتتىم. بەش كۈن بولدى، ئالتە كۈن بولدى، يەتتە كۈنمۇ بولدى، ئاسلانلىرىمدىن ھېچ شەپە يوق ئىدى. سەككىز، توققۇز، ئون... ئون بەش كۈنگە ئۆتكەندە گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ئون بەشىنچى كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم. ئىچىم تىتىلداپ، تېنىم قىزىپ، باش ۋە قۇلاقلىرىم بىكار چۇرگىلەۋاتقان ئۇگۇتسىز تۈگمەندەك ۋاڭىلداپ چىقتى. تاڭ سەھەردە قانداق بولغان، كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىپتۇ. قانداقتۇر قۇلاقنى يارغۇدەك ۋاراڭ ــ چۇرۇڭدىن كېيىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. دادام يېنىمدا يوق. ھاسىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. دېمەك، دادام كۈندىكى ئادىتى بويىچە بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىپ كەتكەنىدى. مەن ئورنۇمدىن ئىلدام تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئاراچ يېرىدىن

هويلىغا قارىدىم. پەرەنجىسىنى يېپىنچاقلىۋالغان ۋاھاپبااي قولىدا تەرەت چۆگۈنى، ئۆيگە ئوغرى كىرگەندەك ۋارقىراۋاتاتتى:

— هاي هاشەك! هاي قوزەك! مايامقا چىقىش! تېز بولۇش، تېز – تېز! ئېپلاس مۇشۇكلەر يەنە كەپتۇ، قاچۇرۇپ قويماي دەرهال تۇتۇش!

مەن مۇشۇكلەر دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن ئېسىمدە يوقلا: «دادا» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئەمما، ئالەمنى مالەم قىلىۋاتقان ۋاھاپباينىڭ دەهشەتلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ تۇرغان ئورنۇمدا «غال – غال» تىترەپ كەتتىم. ئېشىك تۇۋىگە غۇژمەكلىشىپ ئۆيگە كىرەلمەي تۇرۇشقان مۇشۇك – ئاسلانلىرىمنىڭ مىياڭلاشلىرى ئاڭلاندى. ئېشىكنى قىيا ئاچتىم. ئاسلانلار قورقىشىپ كېلىشتى – دە، پاقالچاقلىرىمغا ئۆزلىرىنى ھەرقاچانقىدىنمۇ بەكرەك سۈركەپ هال ئېيتىشقاندەك چىرقىرىشىپ، مىياڭشىپ كەتتى. «ئاھ، بىتەلەي بىچارىلەر، قانداقمۇ يېتىپ كەلگەنسىلەر!» دەپ ئېچىم سىيرىلغان هالدا ئۇلارنى بىر – بىرلەپ ئېلىپ باغرىمغا باستىم – دە، دەرهال ئېچىدىكى ئۆيىمىزگە ئەپقاچتىم. ئېشىكنى دائىم كېچىسى تاقاپ ياتىدىغان دەم ياغاچ بىلەن مەھكەم تاقىدىم. ئاخشاملا دادام پىشۇرۇپ قويغان بولدۇرۇلغان قازان نېنىنى (گوكەي دەپمۇ قويىمىز، تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇشتىن كۆرە تاماققا ئۇلاشتۇرۇپ بىر – ئىككى گوكەي سېلىپ قويساق بىرنەچچە كۈن يېتەتتى) تاختىبېشىدىن ئېلىپ تولىمۇ ئالدىراش هالدا يۇمشاق يەرلىرىنى پارچىلاپ ھەم بىر چەتتىن چايناپ: «قېنى، تېز – تېز يەڭلار! جىق – جىق يەڭلار! چاپسان – چاپسان يەڭلار! هازىر دادام كېلىدۇ، سىلەرنى ئېلىپ بۇ قورۇدىن كۆچۈپ

كېتىمىز!» دەيتتىم خۇددى ئۇ ئاسلانچاقلار گەپ ئۇقىدىغاندەك سوزلەپ. ئاسلانلارنىڭ بەزىلىرى بولسا دۇنيادىن بىخەم كوزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ ناننى مەززە قىلىپ يېيىشەتتى. بەزىلىرى يەنە نېمىدۇر كەملىك قىلىۋاتقاندەك ئەتراپىغا ئاربلاپ قارىشىپ قويياتتى. «نان ئۇلارنىڭ گېلىگە تۇرۇپ قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپ دەرھال بىر قاچىدا سۇ كەلتۇردۇم. ئانىسىغا ھاردۇق يەتكەن چېغى بىردە بالىلىرىغا، بىردە ماڭا قاراپ قويۇپ، يەر بېغىرلاپ ياتاتتى. بىچارە جۇدەپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. تۇكلىرى قالايمىقان تۇراتتى. كەينى سول پۇتىنى پات - پات يالاپ قويياتتى. مەن نان چايناپ ئاغزىغا سېلىپ قويدۇم. ئۇ ناننى يالماپ يۇتقاندىن كېيىن مېنى سېغىنغانلىقىنى ئىزھارلىغاندەك قوللىرىمنى يېنىپ - يېنىپ پۇرىدى. قىپقىزىل تىلى بىلەن خۇددى سويۇپ قويماقچى بولغاندەك يېنىك يالىغانمۇ بولدى. «ھەرنېمە بولسا بالىلىرىمنى تىنچ - ئامان يەتكۇزۇپ كېلىپ ساڭا تاپشۇردۇم» دېگەندەك قىلىپ ئاسلانلىرىدىن، مېنىڭدىن كوزىنى ئۇزمەيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئويۇقتىكى ئەتىگەنلىك چايغا قاتىدىغان ھېجىردىكى سۇتنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ بەردىم. ئۇ يېنىچە ياتقان ھالدا باش كوتۇرمەي شىپىلدىتىپ ئىچىۋالدى. مەن ئاسلانلارغا زەن سالدىم. ئاسلان ئالتە ئىدى. بىرنەچچە قېتىم يېنىپ - يېنىپ ساندىم. يەنىلا بىرى كەم ئىدى. «زادى قايسىسى يوق؟ ۋاي ئىسىت! نەدە قالغاندۇ، بۇ جاپالىق ئولۇم مارىلاپ تۇرىدىغان سەپەرگە ئاجىز تېنى بىلەن بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ - دە. بىرەر بالا - قازاغا يولۇققان ئوخشىمامدۇ؟ بەلكىم لالما ئىتلارغا ئۇچراپ قالغان بولسا بوغۇۋەتكەنمىدۇ؟ مۇنۇ

بىچارە ئانىسى ئىتلارغا قارشى جەڭ قىلغان ئوخشىمامدۇ، شۇڭا بىر پۇتى يارىلانغانىكەن ـ دە؟!» دەپ زارلاپلا كەتتىم. مۇشۇكۇم نان، سۈت بىلەن بىر ئاز دەرمانغا كەلگەندەك بولدى. ئورنىدىن تۇرۇپ سىلكىنىۋېتىپ بىرىنى ئىزدىگەندەك ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. «تايىنلىق دادامنى ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم. مۇشۇكۇم بايا يالىغان كەينى پۇتىنى بەزىدە يەرنى دەسسەپ، بەزىدە دەسسىيەلمەي كۆتۈرۈۋالاتتى. دېمەك، بىچارىنىڭ پۇتىنى ئىتلارنىڭ چايناۋەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. «نېمىلا بولسۇن، ــ دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ــ سىلەر بولساڭلارمۇ ئامان ـ ئېسەن كەپسىلەرغۇ؟!»

※ ※ ※

ھويلىدىكى ئەنسىز ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار دالان ئۆيىمىزگىچە يېتىپ كىرگەندى.

ــ ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى ئاچ دەيمەن، ھەي شۇمتەك! ھېلى بىكار بوينۇڭنى چوجىنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىمەن.

ئىشىك تېپىك ۋە مۇشتلاردىن ئەنسىز جالاقشىماقتا. «غاچۇر ـ غۇچۇر» قىلىپ ئىتتىرىلمەكتە. مەن ئىشىككە تىرەلگەن دەم ياغاچقا مىنىپ ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇۋالدىم. تەلىيىمىزگە قورۇدا دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ قالدى.

ــ نېمە ئىش، نېمە ئىش؟ بالىنىڭ يۈرىكىنى يېرىشامسەن؟

دادامنىڭ سەپرايى ئۆرلىگەنىدى. مەن دادامغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ ۋارقىرىدىم:

— دادا، دادا، مۈشۈك - ئاسلانلىرىم قايتىپ كەلدى. مانا، ھەممىسى مېنىڭ قېشىمدا!

— بالا - قازا مۈشۈكلىرىڭ يەنە قايتىپ كەپتۇ، مۆمىنئاخۇن، — دەيتتى ۋاھاپباي، — پاھ - پاھ، نېمىدېگەن يامان مۈشۈكلەر بۇ. ھە، بالاڭغا گەپ قىلىڭلا، ئىشىكنى ئاچسۇن مۆمىنئاخۇن، بولۇڭلا دەيمەن! ئۇ يەر يۇتقۇر مۈشۈكلەر قېچىپ كېتىپ يۈرمىسۇن يەنە، تېز تۇتۇۋالايلى!

دادامنىڭ جاۋابەن ئۇنى ئاڭلاندى:

— ۋاھاپباي، قاغا پوق يېمەستە بىراۋنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كېلىپ، بۇنداق ئوپۇر - توپۇر قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە - شەرتلىرىگىمۇ سىغمايدۇ. پەيلىڭىلاردىن يېنىڭلا. زادى سىلىگە مۈشۈك سۈرەتلىك ئالۋاستى يېپىشقانمۇ قانداق؟ قەستىڭلا مۈشۈ بىزنىڭ مۈشۈكتىلا قالدىغۇ؟ مۈشۈك ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا جەبىر - زۇلۇم قىلىش ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ جۇمۇڭلا!

— نېمە، نېمە؟ نېمە دېدىڭلار مۆمىنئاخۇن؟ سىلى تېخىزە...

ۋاھاپباي گۆلىيىپ ھەم قوزەم ئاكىغا غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

— قوزەك، ماڭ يۈگۈر، پالتىنى ئاچىق! ھۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغانلار، قېنى، مۈشۈكلىرىڭنى بىر تەرەپ قىلمىغىنىمنى كۆرۈش...

ئۆتۈنۈش، نارازىلىق، قارشىلىق ھەممىسى بۇكاج، تەرسا ۋاھاپباي ئالدىدا بىر تىيىنغە ئەرزىمىدى. ھەممە

ئاسلان ـ مۈشۈكنى ھەر قېتىمقىدەكلا قاپ خالتىلىرىغا پۈرلەپ تىقىپ ئاچىقىپ كەتتى. بىز تامغا مىخلىنىۋەتكەندەك مىدىر ـ سىدىر قىلالماي، تۇرغان يېرىمىزدە تىرىك مۇردىدەك قېتىپلا قالدۇق. بىر چاغدا دادام قوناق سوقىدىغان غۇلدىنى (ئۇزۇن قوناق سوقىدىغان كالتەك) قولىغا ئېلىپ ئۆلارنىڭ كەينىدىن ئېتىلدى ـ يۇ، نېمىشقىدۇر دالان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا: «ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا» دەپ ئىككى ـ ساقاللىرىنى قاتتىق غىجىملىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. مەن ئېتىلىپ بېرىپ دادامغا ئېسىلىۋالدىم.

دادام ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ يۇرۇپ چاي تەييارلىدى. بىز تۇرلۇك يامان ئاقىۋەتلەرنى ھېس قىلىشىپ ئاچچىقىمىزغا هاي ۋە ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىشىپ: «بۇ قېتىم ئاسلانلارنى نەگىمۇ ئاپىرىۋېتەر، ئۆلتۇرۇۋېتەرمۇ؟» دېگەن ئەندىشە ۋە قىياسلارنى قىلىشىپ چاي ئىچىپ ئولتۇردۇق. مەھەللىنىڭ كۆكبېشى (سۇ باشقۇرغۇچىسى) كىرىپ كەلدى. ئۇ مەھەللە ۋە ئېتىزغا سۇ كېلىدىغان غول ئۆستەڭنىڭ تومىسىنى يار ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ يەرنى بۈگۈن مەھەللىدىكى جىمى ئادەم چىقىپ شاخ ـ شۇمبا بىلەن ئېتىپ ئوڭشىمىسا، زىرائەتلەرنىڭ سۇسىز قالىدىغانلىقىنى، شۇڭا دادامنىڭمۇ دەرھال بېرىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. پات ـ پاتلا بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق ھاشارلارغا بارماسلىق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دادام بىرپەس ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ماقۇللۇق بىلدۈردى. كۆكبېشى قورۇدا ۋاھاپباي بىلەن بىرھازا ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىراپ گەپ قىلىشقاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. دادام چايدىن كېيىن

بەلبېغىغا نان ۋە قاچىسىنى تۈگۈپ: «بالام، خۇدايىمغا ئامانەت! مەن كەچ قېلىشىم مۇمكىن، قورقماي، ئۆيدىن نېرى بارماي ئويناپ تۇرغىن! قورسىقىڭنى ۋاقتىدا تويغۇز. مۈشۈكلىرىڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ساڭا ھەمراھ بولىدىغانغا يەنە چىرايلىق ئاسلان تېپىپ بېرىمەن. بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسەك ھېچكىم سېنىڭ ئاسلىنىڭ بىلەن قېرىشىپ ئۆلتۈرمايدۇ. ئوبدان بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. قانداق قىلىمىز، ئاشۇ مۈشۈكلەرنى دەپ ئۆزىمىزنى خاراب قىلىمىزمۇ؟ ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. ھازىر جاھان ئاشۇلارنىڭ جاھانى... قېنى، ئۇ ئەبلەخنىڭمۇ كۆرگۈلۈكى باردۇ؟ ئاشۇ تىلسىز جانىۋارلارغا قىلغانلىرى ئۈچۈن توپ يىلتىزىدىن قۇرۇپ كېتەر ئىلاھىم...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىككىنچى باب

بۇ قورۇ شۇ كۇنىلا خۇددى گۆرىستانلىق ۋەھىمىسىگە چۆمدى. قورۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بىدە، چۆپ، قوراي، قومۇش، سامان ـ مەشگەن قويىدىغان چوڭ قورۇق بولۇپ، بۇ يەردە قاچاندۇر بىر چاغدا كولاپ سۇ چىقىرالماي تاشلىۋېتىلگەن چوڭقۇر قۇدۇق بار ئىدى. بىز باللار بىلەن قوغلاشماق، مۆكۈمۆكىلەڭ ئوينىغانلىرىمىزدا چوڭلار ئاشۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتمەسلىكىمىزنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ھەي، باللىق دېگەنمىغۇ ئاجايىپ بىر چاغ ئىكەن. «چۈشۈن قورۇغان يەرگە باردۇ» دېگەندەك بىز قۇدۇق تەرەپكە ئاياغ بېسىپلا قالساق، قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئېڭىشىپ ئۇنىڭ ئاستىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ تۇرۇشاتتۇق. قۇدۇقنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ خۇددى چۆچەكلەردىكى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان يالماۋۇزدەك كۆرۈنۈپ تېنىمىز شۈركۈنۈپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا بىرى قوغلىمىسىمۇ ئۆزلۈكىمىزدىن ئاللىقاياقلارغا بەدەر قاچاتتۇق. ۋاھاپپاينىڭ بۇ قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىش ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆي ۋە قورۇدىن چىققان ئەخلەت ـ پەخلەتلەرنى تۆكىدىغان ئورۇنغا ئايلانغانىدى. مەنمۇ بۇ يەرگە تاشلاندۇق نەرسىلەرنى تاشلاپ يۈرەتتىم. بۇ يەرنى ئۆز نەزىرىمدە: «مۇشۇنداقلا بىر ئەخلەت ئازگىلى» دەپ ئويلايتتىم. بۇگۈنگە كەلگەندە

بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيۈملۈك ئاسلانلىرىمنىڭ مەڭگۈلۈك گۆرى بولۇپ قېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئادەتتىكى مەزگىللەردە بۇنداق يامان ئاقىۋەتلەر ئادەم ئۇخلاپ قارا باسقاندا چۈشىگە كىرمىسە، ئويغاق ۋاقىتىدا قانداقمۇ كۆڭلىدىن كەچسۇن دەيسىز ؟!

شۇنداق قىلىپ ئاغزى بوغۇلغان خالتىدىكى ئاسلانلىرىم بۇ يەرگە شۇم نىيەت ۋاھاپبايىنىڭ ئىپلاس قولى بىلەن تاشلىنىپ توپا بىلەن تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىلگەنىدى. مەن قورقۇپ ئۆگزىگە چىقىۋالدىم. خۇددى ئىككى ئۇكام ۋاپات بولغان چاغدىكىدەك يىغلاپ ئۇنلىرىم پۇتۇپ، كۆزلىرىم ئىششىپ كەتتى. بۇ قۇدۇققا قارىغىنىمدا، ئاغزى ئوچۇق ئەجدىھاغا ئايلىنىپ ئاسلانلىرىمنى تىرىك يۇتقاندەك بىلىنىپ، مېنىمۇ دەم تارتىۋاتقاندەك، خۇددى ئاسلانلار بىلەن بىللە كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلىپ كەتتى. ئانا مۈشۈك بولسا ئايرىپ قېلىنغان بولۇپ قاپ ئىچىدە ھە دەپ تېپىرلايتتى، مياڭلايتتى. ۋاھاپباي ئانا مۈشۈكنى نېمىشقا ئاسلانلار بىلەن بىللە كۆممەي ئايرىپ قالغاندۇ؟! بەلكىم بىللە كۆمسەم، ئۆتكەنكىدەك ئاسلانلىرىنى يەرنىڭ ئاستى بىلەن قۇتقۇزۇپ چىقىپ كەتمىسۇن دېدىمىكىن ياكى پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدىمىكىن، بىلگىلى بولمايتتى.

چاشكا مەزگىلى ئانا مۈشۈكمۇ جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈلدى. ئەسلىدە «چاشقانغا قىيىن، مۈشۈككە ئويۇن» بولۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە «مۈشۈككە قىيىن، ۋاھاپبايغا ئويۇن»دەك بىر ئىش پىلانلانغانىدى.

جازا مەيدانى بۇ يېڭى قورۇ ـ جاينىڭ ئالدىنى كېسىپ ئۆتكەن ئېتىزلىق ۋە تۈگمەنگە بارىدىغان يولنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى

شىمالىي تەرىپىدىكى تىك يار بويىغا جايلاشتۇرۇلغانىدى
بۇ يەردە بىر توپ يېيىلىپ ئۆسكەن قارىياغاچ بولۇپ، يار
ئۇنىڭ تۈۋىگىچە يېتىپ كەلگەنىدى. يەتتە ـ سەككىز
مېتىر چوڭقۇر كېلىدىغان يار ئاستىدا، يەنى كۆز
ئالدىمىزدا كەڭدىن ـ كەڭ ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك
كۆپكۆك سۇ تىپتىنچ يېيىلىپ ياتاتتى. كۆلنىڭ
چوڭقۇرلۇقى تۆت ـ بەش مېتىردىن كەم ئەمەس ئىدى.
بىز ياز كۈنلىرى بىلىمىزگە بوغما قاپاقلارنى
باغلىۋېلىپ، چوڭلارنىڭ: «هاي، ئەجىلىڭ توشۇپتىمۇ،
چىقىش بۇياققا» دېگەنلىرىگە پەرۋا قىلماستىن سۇغا
چۆمۈلۈپ ئوينايتتۇق. بۇ يەر بىز ئۈچۈن ئاشۇنداق
كۆڭۈللۈك سۇ ئۈزۈش، چېنىقىش كۆلى ئىدى.

ۋاھاپباي ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ياز كۈنلىرى
كۆپىنچە مۇشۇ يەردە، يەنى قارىياغاچ سايىسىدا
ئولتۇرۇشۇپ سالقىنلاپ ھۇزۇر ئېلىشاتتى. مەنمۇ بۇ
يەردە رازىيە بىلەن بەشتاش، ئوردىكام ۋە ئاغچائايلام
ئويۇنلىرىنى ئوينايتتۇق. دادام بولسا بەزى ـ بەزىدە بۇ
يەردە ئولتۇرۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى ياكى قىزىق ـ
قىزىق لەتىپە ـ چاقچاقلىرى بىلەن ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ
ئولتۇرۇپ باغلىق ـ ئارقان ئېشەتتى، چىگە چىقىراتتى،
چىرايلىق پۆرمە چورۇقلارنى تىكەتتى ياكى چوڭ
سۈپۈرگىلەرنى ياسايتتى، قول سۈپۈرگىلىرىنى ئەپلىك،
مەزمۇت قىلىپ بوغاتتى.

مانا مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇن بولۇپ كەلگەن بۇ
جاي بۈگۈن ئاجايىپ سۈرلۈك، ۋەھىملىك قانلىق جازا
مەيدانىغا ئايلانغانىدى. شاپ بۇرۇتنى رەتلىك تاراپ، ئاق
يەكتىكىنىڭ ئالدىنى يوغان ئېچىۋەتكەن ۋاھاپباي يار
لېۋىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇۋېلىپ كاتتا بىر جەڭگە

قوماندانلىق قىلىنىۋاتقاندەك ۋارقىراپ ـ جارقىراۋاتاتتى. بۇ يەردە ۋاھاپىيايدىن باشقا قوزەم ئاكام ئىككىمىزلا بار ئىدۇق. دائىم كەينىمدىن چىقمايدىغان، مەن بىلەن سوغا چوڭ ـ كىچىك داڭگال ـ تاشلارنى ئېتىپ پولتوڭلىغان ئاۋاز چىقىرىپ ئوينايدىغان، چومگەكلەرنىڭ بىر چوكوپ، بىر چىقىپ ئاللىقاياقلاردا كۆرۈنۈشلىرىنى قاقاھلاپ كۇلۇپ تاماشا قىلىدىغان رازىيەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەي، كۆڭۈل دېگەنگە نېمىلەر كەلمەيدۇ، بەزەن نىمجان ئۇمىدلەر كۆڭۈل ئاسمىنىمدا «غىل ـ پال» چېقىن پەيدا قىلىپ ئۆتەتتى: «رازىيە بولغىنىدا دادىسىغا ئېسىلىپ يالۋۇرسا، مۇشۇكۇم جازادىن قۇتۇلۇپ قالالاتتىمىكىن؟! ھەي، بۇ كۆزىگە قان تولغان زالىمنىڭ قىلمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان تەرسا، جاھىل رايىنى قايتۇرالىسۇنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، رازىيەمۇ شۇڭلاشقا بۇ يەرگە چىقمىغان ـ دە» دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلاپ تۇرۇپ.

باي بۇيرۇق قىلدى:

— قوزەك، مۇشۈكنىڭ پۇتلىرىنى باغلا!

قوزەم ئاكا قاپنىڭ ئاغزىنى يېشىپ مۇشۇكنى چىقىرىپ، خۇددى بىگۇناھ تۇتقۇن بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا بىرھازا قارىدى، ئاندىن ياش لىغىرلىغان كۆزلىرى بىلەن: «قانداق قىلىمەن؟ بۇ شۇملۇق ۋە زورلۇقتا مېنىڭدە نېمىمۇ ئىلاج بولسۇن؟!» دېگەندەك مەندە ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترىگەن ھالدا مۇشۇكنىڭ پۇتلىرىنى باغلاشقا باشلىدى. مۇشۇكۇم بىرنېمە يېمىگىنى ۋە نەچچە كۈندىن بېرى سەپەر ئازابى تارتقىنى ئۈچۈنمىكىن قورساقلىرى چاپلىشىپ كەتكەندى. ئۇ ماڭا قاراپ سوزۇپ ـ سوزۇپ بەكمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى


مۇڭلۇق ۋە ئېچىنىشلىق مىياڭلاپ قوياتتى. مەن قولۇمغا چاپاپ يىغىپ تۇرغان نېنىمدىن مۇشۇكۇمنىڭ ئاغزىغا ئالدىراپ ـ ئالدىراپ بىر ـ ئىككى قېتىم سېلىپ ئۆلگۈردۇم ھەم شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «قوزەم ئاكا، ئانچە چىڭ بوغۇۋەتمە!» دېدىم. قوزەم ئاكا مېنى جەينەكلەپ: «تىنچ، سەن دېمىسەڭمۇ...» دېگەننى شىۋىرلىدى ـ دە: «باي ئاكا، بۇيرۇق بويىچە مۇشۇكنىڭ پۇتلىرىنى باغلاپ بولدۇم» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ۋاھاپباي تەرەپكە تەستە بۇرىدى. ۋاھاپباي ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

ـ سۇغا تاشلا، ئەبلەخنى!

قوزەم ئاكا كۆزىنى مەھكەم يۇمدى ـ دە، بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغاندەك قىلىپ (بەلكىم، خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت، مېنىڭ قولۇم ئەمەس ئاشۇ زالىمنىڭ قولى دېگەن بولۇشى مۇمكىن) مۇشۇكنى غۇلاچلاپ تۇرۇپ سۇغا ئاتتى. مەنمۇ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. پولتۇڭگىدە قىلغان ئاۋازدىن قۇلىقىم خۇددى توقماق تەگكەندەك ۋاڭىلداپ كەتتى. كۆزۈمنى ئاچسام مۇشۇكۇم سۇ يۈزىدە بىر چۆكۈپ بىر لەيلەپ، سۇنى بۇلدۇقلىتىپ ئۇڭدا ـ دۈمدە، يانچە بولۇپ ھە دەپ پۇتىنى بوشىتىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن ھەرىكەت قىلىشىۋېتىپتۇ. «ئاھ، نېمىدېگەن ئازاب، نېمىدېگەن دەھشەت؟ ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنىڭ ئاشۇنداق پاجىئەسى ئۈستىدە ئامالسىز قاراپ تۇرۇشتىن، ئۇنىڭغا ئارا بولالماسلىقتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق ۋە ئازاب بولماس.»

مۇشۇكۇم قانداق قىلدى ئەيتاۋۇر، بىر كەمدە بوشاندى ـ دە، ئۆزۈپ قىرغاققا چىقتى. مەن خۇشاللىقىمدا چاۋاك چالماقچى بولۇپ ئالىقىنىمنى ئالىقىنىمغا ئۇرۇپ

تاشلاپتىمەن. ئەمما، يېنىمدىكى يالماۋۇز ۋاھاپبابىنىڭ سەت ھومىيىشى بىلەن جىملا بولدۇم. بىچارە جانىۋار بولسا قاتتىق بىر ـ ئىككى سىلكىنىۋېتىپ جېنىنى ئالغىلى تاسلا قالغان سوغا، ئاندىن بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ بىز تەرەپكە قارىدى. «ھەي، ساددا مەخلۇق!» ئىگىسىگە سادىق جانىۋار گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇدۇل مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. ئۇ گويا: «مەن نېمە قىلدىم؟ گۇناھىم نېمىكەن؟! مۇشۇنداقمۇ قىيىنىغان بارمۇ؟!» دېگەندەك مىرقىراپ تۇرۇپ پاچىقىمغا ئۆزىنى بىردەم ئوڭ يېنى، بىردەم سول يېنى، بىردەم بېشىنى سۇركەپ كەتتى.

ۋاھاپباي يەنە شالىنى چىچىپ يارىلانغان شىردەك نەرە تارتتى:

ــ ھە قوزەك، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ تۇت مۇشۇكنى! ئىشتانىبېغىنى ئېتەلمىگەن بالىدەك يۆمەپ قويماي، نان يېگەندەك باغلىمامسەن؟! بولە چاپسان! گۆشىيىپلا تۇرسەنغۇ؟

قوزەم ئاكا غودۇڭشىپ تۇرۇپ ئاستا كېلىپ مۇشۇكۇمنى تۇتتى. ئۇنىڭ: «ھەر ئۇۋالى بولسا ئۆزۈڭگە زالىم...» دەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ مۇشۇكنى خېلى ئېيتىشىپ باغلاپ بولغاندەك قىياپەتتە يەرگە قاراپ تۇردى. ۋاھاپباي:

ــ بۇياققا ئېلىپ كەل! ــ دېدى قەھرى بىلەن. مۇشۇك ۋاھاپبابىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇلدى. ئۇ مۇشۇكنىڭ پۇتىنىڭ چىڭ ياكى بوش باغلانلىقىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى مۇشۇكنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ خېلىلا يىراق، يەنىمۇ چوڭقۇر يەرگە قارىتىپ ئاتتى. مۇشۇكۇم خۇددى

بومبا پارتلىغاندەك «پولتۇك...» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك سۇلارنى ئەتراپقا دولقۇنلىتىپ چۆكۈپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقتى ــ دە، خۇددى ئالدىنقى قېتىمقىدەكلا پۈت ــ قولىنى بوشىتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن جىددىي ھەپىلەشتى. ئۇ ھەربىر يۇلقۇنغاندا، سۇغا چۆكۈپ، سۇ يۈزىدە ئاپپاق بۆژغۇنلار پەيدا قىلاتتى. گەرچە مەن يارنىڭ ئۈستىدە تۇرساممۇ، گويا ئاغزى ــ بۇرنۇمدىن سۇ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك مۇشۇكۇم بىلەن تەڭ ئازابلىنىۋاتقاندەك ئىدىم. ئىچىمدە بىرەھىم يالماۋۇز تەبىئەتلىك ۋاھاپبايغا قارغىشلار ياغدۇراتتىم. مۇشۇكۇم بىر ئاش پىشىم ھايات ــ ماماتلىق ئېلىشىشلاردىن كېيىن يەنە قىرغاققا قاراپ ئۈزدى. مەن:

ــ ئەمدى بۇ تەرەپكە چىقما !ــ دەپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتكىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن. مۇشۇكۇم گەرچە گەپ ئۇقمىسىمۇ ئۈكىلىرىنىڭ ئورنىدا پاراڭلىشىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادىتىم بويىچىلا ئاشۇنداق ۋارقىرىۋېتىپتىمەن. ۋاھاپباينىڭ:

ــ كاركىرىما، ئىپلاسنىڭ بالىسى !ــ دەپ قولىنىمدىن بۇراپ تۇتقاندىلا ئېسىمنى يىغقاندىم. ئۇنىڭچە مۇشۇكۇم سىلكىنىپ ــ سىلكىنىپ قويۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ مېنى كۆردى ــ دە، يەنىلا بايىقىدەك يۇگۈرگىنىچە ئۇدۇل يېنىمغا يېنىپ چىقتى. ئۇ: «يۇر، بۇ يەردىن كېتەيلى، مېنى قۇتقۇزساڭچۇ؟!» دېگەندەك قىلىپ ئېچىنىشلىق مياڭلايتتى. مەن بەدىنىدىن سۇ تامچىلاپ تۇرغان مۇشۇكۇمنى قولۇمغا ئالدىم. «نېمە كۆرسەم كۆرەي، بۇ جانىۋارنى ئەمدى ئەپقاچمىسام بولمىدى» دەپ تەمشىلىپ تۇراتتىم. قوزەم ئاكىغا: «ھوي نان قېپى، ھوي هارامتاماق، سەن مۇشۇكنىڭ پۇتىنى

چىلىڭ باغلىماپسەن» دەپ تىللاۋاتقان ۋاھاپباي قولۇمدىن كاپلا تۇتتى ــ دە، مۈشۈكنى تارتىۋالدى. ئۇ جىلچىلىكتە ھاسىراپ ــ ھۆمۈدىگىنىچە ئۆزى يىپنى چىغىنىڭ باغلىقى بىلەن مۈشۈكنىڭ پۇت ــ قولىنى ئۇستى ــ ئۇستىلەپ باغلىدى. «ئەمدىغۇ جاجاڭنى يەسەن ئىپلاس... ئەمدى قېنى بوشانغىنىڭنى كۆرۈپ باقايچۇ» دېدى ــ دە، مۈشۈكنى غۇلاچلاپ تۇرۇپ بار كۈچى بىلەن سۇغا قارىتىپ ئاتتى.

ــ ئاھ مۈشۈكۈم !ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتىم ۋە بۇ نۆۋەت مۈشۈكنىلا ئەمەس مېنىمۇ قوشۇپ سۇغا تاشلىۋەتكەندەك ئازابلىنىپ يىغلىۋەتتىم.

قانداق بولدى، مۈشۈكۈم بىر چۆكۈپ ــ بىر لەيلەپ بىر چاغدا پۇت ــ قوللىرىنى بوشىتىپ قىرغاققا قاراپ ئۈزدى. ئۇ قىرغاققا چىقىپ ئارانلا بىر ــ ئىككى سىلكىندى ــ دە، يارنىڭ ئۇستىگە، سۇغا ۋە ماڭا بىرپەس يېنىپ ــ يېنىپ قاراپ قويۇپ، يان باغرىدىكى بۇكىدە ئۆسۈپ كەتكەن قوراي ــ تىكەنلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. مۈشۈكۈمنىڭ بۇ نۆۋەت ئەقلىنى ئىشقا سالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتىم ۋە بار ئاۋازىم بىلەن: «ئەقىللىك مۈشۈكۈم، باتۇر مۈشۈكۈم! ئەمدى قۇتۇلدىغان بولدۇڭ، مەھكەم مۆكۈن! زادى چىقما!» دەپ ۋارقىرىپلا كەتتىم. ئەمما، ۋاھاپباي بولدى قىلسۇنمۇ، شۇ ھامان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قوزەم ئاكىغا قوراي ــ تىكەنلەرنى بىر ــ بىرلەپ يۇلۇشنى بۇيرۇدى. ئۆزىمۇ تونۇرنىڭ كۆسىينى ھاسا قىلغىنىچە يار ئاستىغا تەمتىلەپ چۈشۈپ كەتتى. مېنىڭ خۇشاللىقىم، بۇ ئىپلاس باي مۈشۈكۈمنى تېپىۋالارمۇ دېگەن ئەندىشە ئىچىدە «پاژ» قىلىپ ئۆچكەن سەرەڭگىدەك بىردەمدىلا غايىب بولدى. ۋاھاپباي قېرى ئاپشاركىدەك چاتقاللار ئارىسىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ

كەتتى. بىر سائەتكە يېقىن ئىزدەشلەردىن كېيىن ۋاھاپباي موشوكنى تېپىۋالدى. ئۇ غەزەپ بىلەن خىرقىراپ تۇرۇپ موشوكنىڭ كەينى ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، يانتۇ تۇرغان ئىشىكتەك يوغان داڭگالغا كەينى - كەينىدىن ئۇرۇشقا باشلىدى.

«ئاھ! كۆز بىلەن كۆرگۈسىز دەھشەت، قىيامەت!» داڭگال قانغا بويالدى. قېتىمقېتەك بىر نەرسىلەر داڭگالغا چاپلىشىپ قالدى. ۋاھاپباي ئۇرۇشتىن توختاپ موشوككە قارىدى. موشوكنىڭ كۆزلىرى مېنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالاي دېگەندەك، ئاسلانلىرىنى ئىزدىگەندەك قېپىدىن پۇلتىيىپ چىقىپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. ۋاھاپباينىڭ يۈزلىرى موشوكنىڭ قانلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ، ئاق يەكتىكى قان چاچراندىلىرى بىلەن تولۇپ خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاپ قالغانىدى. مەن بۇ پاجىئەدىن، بۇ ۋەھشىي كۆرۈنۈشتىن توك سوقۇۋەتكەندەك سىلكىنىپ قاتتىق چىرقىرىغىنىمچە كەينىمگە ئۆچۈپ كەتتىم.

※ ※ ※

مەن مۇزدەك سۇ تامچىلىرىنىڭ يۈز - كۆزۈمگە، بويۇن - دۈمبىلىرىمگە سېپىلىشى، بىر نەرسىنىڭ كەينى - كەينىدىن «شاپ - شاپ» قىلىپ بەدىنىمگە تېگىشى بىلەن ئەندىكىپ ئېسىمگە كەلدىم. كۆزۈمنى ئاچسام، دادامنىڭ قولىدا بىر تۇتام كۆك بۇيا، مېنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ ماڭا ھۈرۈۋېتىپتۇ. قوزەم ئاكا بولسا ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ دادامغا ياردەملىشىۋېتىپتۇ.

— دادا، مۈشۈكۈم، مۈشۈكۈم! — دېدىم غۇلچىمنى يېيىپ قوپقىنىمچە. دادام قولىدىكى بۇيىنى نېرىغا تاشلىۋەتتى - دە، مېنى قۇچاقلاپ ئېلىپ ئۆيگە ئەكىردى. مەن ئېسىمنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەيتتىم.

— ئىپلاس قانخورنىڭ مۇنداق ۋەھشىيلىك قىلىشىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام بالىنى ئۆزۈم بىلەن ئىشقا ئەكېتەتتىمكەن، — دەۋاتاتتى دادام كىمدۇر بىرىگە.

— توۋا خۇدايىم، بۇ ۋاھاپباي ئىنسان قېلىپىدىن چىققان نەرسىكەنغۇ؟! مەن بۇ كەمگىچە مۇنداق رەھىمسىزلىكنى كۆرمەك تۈگۈل ئاڭلىماپتىكەنمەن. ئاخىرەتتە ئىگىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، بۇ قىلمىشىغا نېمىمۇ دەپ جاۋاب بېرەركىنتاڭ؟! — دەۋاتقان يەنە بىر قوشنىمىزنىڭمۇ ئۈنى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. مەن بارا - بارا ئېسىمگە كېلىشكە باشلىدىم. ئۆيگە چىراغ يېقىلغانىدى.

— بالام، ھەي ئوغلۇم، ماڭا قارىغىنا! قانداق بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى دادام ياڭاقلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

مەن دادامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە قارىغاندا بىر سوتكىدىن ئاشقاندا ئېسىمگە كەپتىمەن. دادام مەھەللىمىزنىڭ ئىمامىغا دەم سالدۇرۇپتۇ. يۈرىكى قوزغىلىپ قالدىمۇ دەپ قوشقاچ يۈرىكىنى چايقاپ ئىچۈرۈپتۇ. ئاڭلىغانلا ئىرىم - سىرىملارنى قىپتۇ. خېلىلا قورقۇتقان بولسام كېرەك، ھەتتا دادام قولىغا ئاي پالتىنى ئېلىپ ۋاھاپبايغا: «ئەگەر بالام بىرنېمە بولىدىغان بولسا، سەن مۈشۈكنىڭ قېنىنى ئىچكەن بولساڭ، مەن سېنىڭ قېنىڭنى ئىچمەي قويمايمەن» دەپ قولۇم - قوشنا، خالايىقنىڭ ئالدىدا ۋاھاپبايغا خېلىلا

ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپتۇ. خەقمۇ ۋاھاپبايغا لەنەت ئوقۇپ ئەيىبلىشىپتۇ. ۋاھاپباي قورققانمۇ، ئارتۇق بىر نېمە دېيەلمەپتۇ ــ دە، ئېتىغا مىنىپ كۆزدىن نېرى بوپتۇ.

ئەتىسى ناشتىدا ئۆلتۈرۈپ تۇزۇك بىر نەرسە گېلىمدىن ئۆتمىدى، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتقاندىن كېيىن دادامدىن سورىدىم:

ــ دادا، خۇدايىمنىڭ كۆزى باردۇ ــ ھە؟!

ــ بار بالام، بار، ــ دېدى دادام ئىشەنچلىك ھالدا، ــ پۈتۈن ئالەمنى ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان قۇدرىتى ئۇلۇغ كېرەم، قىل تەۋرىگەننى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ، بالام.

ــ ۋاھاپباينىڭ مېنىڭ مۈشۈك ــ ئاسلانلىرىمنى قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەندۇ ئەمىسە؟!

ــ كۆرمەمدىغان بالام، كۆرمەمدىغان. سەن قاراپ تۇر، مۈشۈكنى ئۆلتۈرگەن ئادەم بالىسى ياخشىلىق كۆرمەيدۇ، ھەتتا مال ــ دۇنيا يىغىپ ھەرەمگە ھەجگە سەپەر قىلسا، شور دەرياسىدىن ئۆتكۈچىلا غەرق بولۇپ كېتىدۇ. لەھەڭلەرگە يەم بولىدۇ. بۇ قانخور ۋاھاپباي بولسا مۈشۈك ــ ئاسلانلىرىڭنىڭ قىساسى، ئەل ــ يۇرتنىڭ قارغىشىنىڭ كۈچى بىلەن شور دەرياغا بارغۇچىلا جاجىسىنى يەيدۇ، ــ دېدى. دادام بىر پەس جىمىپ قالغاندىن كېيىن يەنە، ــ ئوغلۇم، بىز بۇ يەردىن كېتەيلى، ــ دېدى.

مەنمۇ شۇ ھامان:

ــ كېتەيلى، تېز كېتەيلى دادا! تېزرەك كېتەيلى، ــ دېدىم دادامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ.

بىز شۇ كۈنىلا قوغۇنلۇقىمىزغا كەپە ياساپ كۆچۈپ كەتتۇق. ئىككى ــ ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، مۈشۈك پاجىئەسى بولۇپ ئۆتكەن كۈننىڭ كېچىسى قوزەم ئاكىمۇ بۇ يەردىن پېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ.

# ئۈچىنچى باب

ئۈچ ھەپتىگىچە مەھەللىگە ئاياغ باسمىدۇق. ئەمما، ئېتىز ۋە تۈگمەنگە ماڭغان ـ قايتقان قولۇم ـ قوشنىلار كەپىمىزگە كىرىپ ھال ـ ئەھۋالىمىزنى سوراپ تۇرۇشتى. بەزىلىرى مۇشۇكلەرگە ئۈۋال قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ يارىمىزغا تۇز سەپسە، بەزىلىرى ۋاھاپبايىنىڭ ئىنسان قىلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ غەزىپىمىزنىڭ ئوچىقىغا كىرسىن چاچاتتى.

مەن باراڭنىڭ چۆنكىنى چىرايلىق چىملار بىلەن كۆپتۈرۈپ كوركىرام ياساپ، ئۈنىڭغا قۇرۇپ قالغان يوپۇرماق غولىدىن چاقپەلەك قۇراشتۇرۇپ چۆرۈپ ئويناۋاتاتتىم. كەپىمىزگە ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن بىر ەيلەننىڭ دادامغا بازاردىن ئالغاچ چىققان ناسۋالنى بەرگەچ دەۋاتقان پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

ــ ۋاھاپبايىنىڭ ھالى خاراب، مۆمىنئاكا. ئىككى كۈن بوپتۇ. كېچىسى ئۆندەرەپ چۆچۈپ ئۇخلىيالمايۋېتىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر ھەپتىنىڭياقى شۇنداق چېغى. گەپ بولۇپ كېتىدۇ دەپ سىرتقا مەلۇم قىلىشماپتىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قۇدا ـ باجىلىق خەق. سىرتقا چىقمايدىغان گەپ بولاتتىمۇ. «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دە، ئاخىر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ، بۈگۈن جامائەت بامداتتىن يېنىپ، ئەھۋال سوراپ قويايلى دەپ ئۆيىگە كىرسەك، بىزنى تونۇغۇدەك ھالى

بولسۇنمۇ؟! كۆزلىرىگە قان تولۇپ كېتىپتۇ. ئىمامىمىز ئەھۋال سورىۋىدى، قولىقىغا ئۇن كىرسۇنمۇ، ئۆزىنى ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا ئېتىپ، ياستۇق - كۆرپىنى بېشىغا ئارتىۋېلىپ: «ئەنە كەلدى، مانا كەلدى، مۇشۇك، مۇشۇك... توسۇڭلار، ھەيدەڭلار... ئەنە، ئاسلانلارمۇ كەلدى... يۈزۈمنى مورلاپ كەتتى... ۋايجان! پۇتۇمنىڭ بارماقلىرىغا يېپىشىۋالدى... ۋايىەي... توسۇڭلار، توسۇڭلار!... ھەي قوزەك، نەدىسەن؟ ھەيدە، ئۇر، ئۇ ئەبلەخلەرنى چوڭقۇر كۆمۈۋەت!» دېگىنىچە ھاسىراپ، گېلى قۇرۇپ، دېمى سىقىلىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. بىرھازا ئولتۇرۇشتۇق. خوتۇن - بالىلىرى، كۈيئوغۇل - كېلىنى ئەتراپىدا پاتىپاراق بولۇشۇپ نېمە ئېلىپ، نېمە قويارىنى بىلمەيلا قاپتۇ. بىزمۇ نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئەزمە خوتۇننىڭ چېيى قايناپدىغان چاغچىلىك ئولتۇرۇشتۇق. قانداق قىلاتتۇق، ئاخىر: «خۇدا شىپالىق بېرىپ قالار» دېيىشىپ، ئاستا قايتىپ چىقىشتۇق. بىلگۈچى ئاللا، بۇياققا قارىشىدىن ئۇياققا قارىشى يېقىندەك قىلىدۇ. مانا كۆردۇڭلارمۇ، تاغمۇ - باغمۇ ئايلانماي بوسۇغا ئايلىنىپلا مۇشۇكلەرنىڭ بېشىغا يەتكەن قىسمەت ئۆزىگە يېتىپتۇ. يەنە كېلىپ ئاشۇ جانىۋارلار ئۆزلىرىلا ئۇ دۇنيادا ئەمەس، بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىۋېتىپتۇ. ھېساب - كىتابىنى قىلىۋېتىپتۇ...

بايىدىن بېرى يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي، ئۈن - تىنىسىز ئولتۇرغان دادام تۆۋەنكى كالپۇكىدىكى ناسۋال يۇقىلىرىنى پۈركۈشتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن گەپكە ئېغىز ئاچتى:

— ھەي قوناخون ئۇكا، تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ.

ھەممە جاننىڭ يارىتقۇچىسى بار ئەمەسمۇ؟! شەپقەتلىك ئۇلۇغ ئاللا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ! ئارغامچىسىنى بىر مەزگىل ئۇزۇن قويۇۋەتكىنى بىلەن يىغقۇسى كەلگەندە ئاشۇنداق بىردەمدىلا يىغىشتۇرۇۋالىدۇ. ۋاھاپباينىڭ ۋەھشىيلىكىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىزغۇ؟ ئۇ نېمىلەرنى قىلمىدى؟ بىراۋلارنىڭ دەرۋازىسىز ھويلا، باغ - ۋاران، قوتان - ماللىرىنى بىر ئۇبدان قوغداپ كېلىۋاتقان ئېتىلىرىدىن نەچچىسىگە تولا ھاۋشىپ كەتتى دەپ كۇچۇلا قويۇپ، يىڭنە بېرىپ ئۆلتۈردى. نەچچىسىنى يار بويىدىكى ئاشۇ قارىياغاچقا سىرتماق سېلىپ ئاستى. بادىرىسىنى ئالدىغان سۆگىتىدىن بىرنى غاجاپ قويغانغا بىر توكۇر دىۋانىنىڭ ئېشىكىنىڭ چىشىنى دىۋانىنىڭ تىزلىنىپ يالۋۇرۇپ قاقشاشلىرىغا، پۇتلىرىغا ئېسىلىشلىرىغا، ھەرقايسىمىزنىڭ: «ئۇنداق قىلمىسىلا ۋاھاپباي، بۇ تىلسىز ھايۋان تۇرسا، خاپا بولمىسىلا، ئۇۋال بولىدۇ» دېگەنلىرىمىزگىمۇ پەرۋا قىلماي توقماق بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتكەنلىكى، دىۋانىنىڭ مىڭبىر قارغاپ، ئېشەكنى تاشلاپ خورجۇن - خالتىسىنى كۇنىنىڭ ئېسىقىدا يۇدۇپ كېتىپ قالغانلىقى ئېسىڭدە باردۇ؟ ئاشۇ چاغدا پۈتۈن مەھەللە خەلقى قانچىلىك لەنەتلەرنى ياغدۇرمىدى. ئۇنىڭغىمۇ ئۇزاق بولمىدى. ھە راست، ئۇزاقى يىلى تۇيۇقسىز قىچقىرىپ قالغان مېكىيىنىنىڭ بوينىنى تولغاپ ئۇزۇۋەتتى، نامازشامدا قىچقىرىپ تاشلىغان خورىزىنىڭ تىلىنى يۇلۇۋەتكەنلىكىچۇ تېخى! قوي - قوي، مالاي، ئورتاقچىلارغا قىلغان قاتتىقلىقىنى، جازانخورلۇقىنى ھەممىمىز بىلىمىز، گەپ ئۇتمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قولىدا بىر يىل ئىشلىگەنلەر ئىككىنچى يىلى تارىدۇ. بۇ

يىلى كۆتەك، چىغىر تماقلارنى قومۇرتۇپ ئاچقان يەرگە ئورتاقچىسى بىلەن ئۇنى ـ بۇنى تەرگەندەك قىلىدۇ. يەر ئۇنۇم بېرىدىغان ئىككىنچى يىلى ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەبلەرنى تېپىپ ئورتاقچىسىنى قوغلىۋېتىپ يەرنى ئۆز ئالدىغا تېرىۋالىدۇ. ۋاھاپبىاي بىلەن ئورتاق تېرىقچىلىق قىلغانلاردىن زادى روناق تاپقىنى بارمۇ؟ ھەي، ئامال قانچە؟ يوقسۇزلۇق تۇپەيلىدىنلا سېرىقتال مەزگىللىرىدە بۇ نائىنسابنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالىمىز. ئادەم دېگەندە ئىنساب بولمىسا ئىمان بولامدۇ؟ ئىمان بولمىغان ئادەمدە شەپقەت بولامدۇ؟ شەپقەت بولمىغان ئادەمنىڭ ھالا بۇگۈنى مانا مۇشۇ ـ دە! دېمەك، ۋاھاپبىاينىڭ شەپقەتسىزلىكى ئاشۇ مۇشۇك ـ ئاسلانلار بىلەن ئاخىرلاشقان ۋە قارار تاپقان ئوخشايدۇ.

— ئېيتقانلىرى دەرھەقىقەت، ھەممىسى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ۋاھاپبىاينىڭ ئاشۇ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى بويىچە بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ھەرنېمە بولمىقى ھەق، خۇدايىمنىڭمۇ سەۋر قاچىسى تولغان گەپ.

ۋاھاپبىاينىڭ غەلىتە بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭ بىلەن مۇشۇك ـ ئاسلانلىرىمنىڭ روھىنىڭ ئۇنىڭغا راسا تېتىۋاتقانلىقىدىن خۇش بولۇپ، روھلانغاندەك بولساممۇ يەنىلا بىر قىسىم كۆڭۈلسىز ئىشلار ۋۇجۇدۇمنى چۇلغاپ، كۆڭلۈمنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. قۇناخۇن ئاكا بىلەن دادامنىڭ دېيىشكەنلىرى كەچكىچە قۇلاقلىرىمدىن نېرى كەتمىدى. ئويۇندىنمۇ قېپقالدىم. دادام بولسا ئۇ چۆنەكتىن بۇ چۆنەككە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قوغۇنلارنى سۇغىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. چۈش بولاي دەپ قېلىۋاتاتتى. مەن چۈشلۈك چايغا ئوت يېقىپ ئۆزىمىز تەرگەن مۈچ ـ پەمىدۈر،

تەرخەمەكلەردىن ئەكېلىپ يۇيۇپ خام سەي تەييارلىدىم. دادامنىڭ چايغا كېلىشىنى كۈتۈپ قىيسىيىپ ئولتۇرغىنىمچە ئۇخلاپ قاپتىمەن. كاللامدىكى ۋەھىمىلىك ئىشلار چۈشۈمدە تەكرارلانسا كېرەك. «ئاسلانلىرىم، ۋاھاپبايىنى مورلاڭلار! چىشلەڭلار! قاتىللىڭلارنىڭ ئارامىنى قويماڭلار! جىنىنى ئېلىڭلار، جىنىنى ئېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغۇدەكمەن. ئاسلانلىرىم يولۋاسقا، مۈشۈكۈم شىرغا ئايلىنىپتۇ دېگۈدەكمەن. ۋاھاپبايىنىڭ قوللىرى، پۇتلىرى ئاسلانلىرىمنىڭ ئاغزىدا تۇرغۇدەك. ئۆپكە، يۈرەك، ئۈچەي ـ بېغىرلىرىنى بولسا ئاسلانلىرىم چىشلەپ گاھ توپىلىق يەرلەردە، گاھ تىكەنلىك چاتقاللىقلاردا، گاھ كۆيۈۋاتقان ئوت ـ قوقاسلار ئارىسىدا يۈرگۈدەك. ئانا مۈشۈكۈم، خۇدايا توۋا! ۋاھاپبايىنىڭ بېشىنى پومزەك قىلىپ بىر ئوتلۇق چەمبەردىن ئۆتكۈزۈپ ئويناۋاتقۇدەك. تۇرۇپلا كوچا كوماندىسى دېگۈدەكمەن. بىر توپ باللارغا تاشلاپ بېرىپ ئۆزى ئۇنىڭغا رېپېرلىق قىلىۋاتقۇدەك. مەن بولسام: «قاتتىق ـ قاتتىق تېپىڭلار! ئايىماي تېپىڭلار!» دەپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇدەكمەن.

ــ بالام، ھەي مۇراد، كۆزۈڭنى ئاچ! نېمە بولدى ساڭا؟ ــ دادامنىڭ مۇلايىم ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. دادام مېنى بىر چەتتىن يېنىك سىلكىپ، بىر چەتتىن ھە دەپ تەرلىرىمنى سۈرتۈۋاتاتتى. مەن تەستە كۆزۈمنى ئاچتىم. قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەمما، دەھشەتلىك چۈش كۆرگەنلىكىمنى دەرھال بىلدىم. چۈشۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاسلانلىرىم تۇغۇلغان چاغلار، رازىيەنىڭ ئاسلانلىرىمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتكەنلىرى، كۆكتات ئورىسى، ئاسلانلىرىم تىرىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى


كۆمۈۋېتىلگەن قۇدۇق، قانلىق يار بويىي قاتارلىق كۆرۈنۈشلەرمۇ كەينى - كەينىدىن غىل - پال كۆرۈنگەندەك قىلىپ قالاتتى. مەن كۆزۈمنى ئاچقىنىم بىلەن يۇقىرىقىدەك گادىرماچ چۈشلەر ئىسكەنجىسىدىن نېرى بولالماي، كۆزۈمنى باراڭدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن چۆمۈچ قاپاقلارغا تىككىنىمچە قېتىپ تۇرۇپ قالسام كېرەك، دادام قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— بالام، نېمە بولدى ساڭا؟ قورقۇتمىساڭچۇ! ماڭا قارىغىنا، مانا ساڭا نېمە ئەكەلدىم، يېگىلىك، يېگىلىك دېگىنە.

دادام ئالىبالداق تورلىشىپ سارغىيىپ پىشقان ئىككى چىلگىنى ئىككى قولىدا تۇتقىنىچە ھە دەپ كۆزلىرىمگە تەڭلەپ، بۇرۇنلىرىمغا باساتتى. گاھ ئۆزىنىڭمۇ بۇرنىغا بېسىپ پۇراپ مېنىڭ دىققىتىمنى تارتماقچى بولاتتى. دادام مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قوغۇنلۇقنى كۈندە نەچچە يوقلاپ، دادامدىن قاچان پىشىدۇ دەپ سوراپ يۈرگەن چىلگىگە ھەۋەس - ئىشتىھايىمنى قوزغاپ، زېھنىمنى ئاچماقچى، كۆڭلۈمنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى.

— قارىغىن ئوغلۇم، چىلگىلىرىڭ پىشىشقا باشلاپتۇ! پۇراپ باققىنا! نېمىدېگەن خۇش پۇراقلىق! بەك تاتلىقتەك قىلىدۇ! قەلەمتىرىشىڭ قېنى؟ تىلىپ بېرەي، يەپ باققىنا...

مەن ئېسىمنى تولۇق يىغىپ، بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاپتاپنى كۆرگەندەك بولۇپ كەتتىم. چىلگىلەرنى ئاسلانلىرىمنى باغرىمغا باسقاندەك مەيدەمگە مەھكەم باستىم! ياڭاقلىرىمغا سۈركەپ بۇرنۇمغا تۇتتۇم ۋە قېنىپ - قېنىپ رەيھان - يالپۇز پۇرىغاندەك پۇرىدىم. ئۇنىڭچە

دادام بىر چىلگىننى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى تىلدى ـ دە، يوغان بىر تىلىمنى قولۇمغا تۇتقۇزدى:

ــ قېنى، يە بالام! يېگىن! يېڭى نەرسە قوقاقنى ئالىدۇ. يالغۇز ئۇخلاپ قاپسەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەندىن بېرى سۇ ئوينىما دېسەم، ھوشۇڭنى بىلمەي سۇ بىلەن ئېلىشىپلا كەتتىڭ. ئەڭگىزىڭ ئېشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. تەرلەپ چىلىقىدە سۇ بولۇپ كېتىپسەن. مەن ساڭا قورۇما شورپا قىلىپ بەرسەم بولغۇدەك، چىلگىدىن يەپ باققىن، قىزىتماڭ پەسىيىپ سەگىدەپ قالساڭ ئەجەب ئەمەس.

مەن چىلگىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تېتىكلىشىپ:

ــ دادا، مەن ھېچنېمە بولمىدىم، ئەنسىرىمە، ــ دەۋەتتىم. قولۇمدىكى دادام تۇتقۇزۇپ قويغان چىلگىنى تىلىمغا تەگكۈزگىنىمنى بىلىمەن، زېھنىم ئېچىلىپ، دادامغا كۆرگەن چۈشۈمنى سۆزلەپ بەردىم.

ــ كۆزۈم ئىلىنىپلا بىر تالاي يامان چۈش كۆرۈپ كېتىپتىمەن. دادا، ياخشى چۈشلەرنىمۇ كۆرگەندەك قىلىمەن. ئاسلانلىرىمنى سېغىنىپ كەتكەچكىمۇ ئۇلارمۇ چۈشۈمگە كىرىپتۇ. ئۇلارچۇ يولۇۋاسقا ئايلىنىپ كېتىپتۇدەك. راستىمدۇ، دادا؟

ــ بەلكىم، بالام!

دادام بىرپەس ئويلىنىپ قالدى ۋە ئېغىر تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ ئاسلانلىرىڭ كىچىك ھەم گۇناھسىز ئىدى، شۇڭا ئىگىسى بىگۇناھ جانلارغا جەننەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا خالىغىنىنى بېرىدۇ، دېگىنە! ئەمدى ئاسلانلىرىڭدىن خاتىرجەم بولساڭ بولغۇدەك.

ــ دادا، مەن ئەتە بېرىپ كىندىكئانامنى يوقلىغاچ

ئۆلتۈرگان ئۆيىمىزنى، ئاسلانلىرىم تۇغۇلغان ئۇچاق ئىچىلىرىنى كۆرۈپ كېلەيچۇ. ئۇلار كۆمۈۋېتىلگەن قۇدۇق ئىچىگىمۇ قاراپ باقاي. بىرەرى بولسىمۇ تەلىيىمگە ئۆلمەي توپىنىڭ تېشىغا چىقىپ قالدىمۇ تېخى. ئۇنداق بولۇپ قالسىمۇ قۇدۇقتىن چىقالمايدۇ دېگىنە، — دېدىم غەمكىن هالدا ئۆتۈنۈپ.

دادام كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ئۇزاق قارىۋەتكەندىن كېيىن ماڭلىيىمغا سۆيۈپ تۇرۇپ رازىلىق بىلدۈردى:

— بولىدۇ بالام، پىشقان چىلگىلىرىڭدىن كىندىكئاناڭغا يېڭىلىق تۇتقاچ سۇت ئالغاچ كېلەرسەن. مەھەللىدىكى قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى قوغۇنلۇققا كېلىپ ئويناپ، چىلگە يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغىن.

مەن خۇشاللىقىمدىن چاۋاك چېلىپ ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم ـ دە، دادامنىڭ بويىنىدىن مەهكەم قۇچاقلاپ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرى ئۇستىدىن مەڭزىگە چوكۇلدىتىپ سۆيدۇم.

مەن شېرىن ۋە چىگىچ ئوي ـ خىياللارغا بەند بولغان هالدا، كەچنى تەستە كىرگۈزۈپ، تاڭنى ئاران ئاتقۇزدۇم ـ دە، مەھەللىگە بېرىشنىڭ تەرەددۇتىنى باشلىۋەتتىم. بىر قۇر پاكىز دېگەن كىيىملىرىمنى كىيىپ چايغىچە تەخ بولدۇم. دادام چايغا ئوت يېقىۋېتىپ قوغۇنلۇقنى ئارىلاپ كەتكەنىدى. مەن ئادىتىم بويىچە خام سەي تەييارلىدىم. دادامىمۇ بىركەمدە بەش ـ ئالتىدەك چىلگىنى مەيدىسىگە يۆلەپ ئېڭىكىگىچە تىزىپ كۆتۈرۈپ كەلدى. مەن خۇشاللىقىمدىن ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ چىلگىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ: «ۋاھ ـ ۋاھ» دەپ زوقلانغىنىمچە بىرمۇبىر پۇراپ ئېلىپ يەرگە قويدۇم.

— مانا ئوغلۇم، چىلگىلىرىڭ پىشقىلى باشلاپتۇ، —

دېدى دادام بىر چىلگىنى قولىدا پومزەكتەك ئويىنىتىپ تۇرۇپ،— ئۈچ ـ تۆت كۈنلەردىن كېيىن تەكشى پىشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. قوغۇن ـ تاۋۇزلارمۇ مۇشۇ سۈيى بىلەن پىشىپ كېتىدۇ. بۇگۈن سەن مەھەللىگە بېرىپ كېلىۋال، ئاندىن جۈمە كۈنى ئىمام ـ مەزىن، ئاقساقاللارنى چاقىرايلى. ئۇياق ـ بۇياقتا ئۆتكەنلەرنىڭ: «قوغۇن پىشاي دېمەمدۇ، مۆمىنئاخۇن؟» دەپ نەپسى تاقىلدىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇدۇللۇق پىشقاننى ئۆزىمىز يەپ ياتساقمۇ سەت، قانداق دەيسەن بالام؟

— مەيلى دادا، شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلايلى،— دېدىم مەن قوغۇنلۇقىمىزنىڭ ھەر يىلقىدەكلا قوغۇن پىشىشى بىلەن تاكى كۆزگىچە ھېيت پەتىسىدەك ئاۋات ـ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ.

دادام نەچچە ئەۋلاد قوغۇنچى بولۇپ، مۆمىن «قوغۇنچى» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. دادام مىڭبىر جاپادا تېرىپ ئۆستۈرگەن قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىنىڭ باشبۇرنىنى يەنە كېلىپ سەرخىلىنى ئەڭ ئاۋۋال جامائەتچىلىككە يېگۈزەتتى. بۇنى «قوغۇنچى پىشتى قىلىش» دەپ ئاتايتتى. بىر نەچچە نۆۋەت بىر نەچچە هارۋا سېتىپلا قالغىنىنى ئاساسەن ئايغى ئۈزۈلمەس مېھمانلارغا ھۆرمەت، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يېگۈزەتتى. يېگۈزگەندىمۇ تاڭ سەھەردە تۇرۇۋېلىپ نەدە قوغۇننىڭ ئوبدىنىنى، تاۋۇزنىڭ يوغىنىنى قاپ بىلەن توشۇپ كېلىپ كەپىنىڭ كەينىدىكى غول ئېرىقنىڭ يوغان تۇغىنىغا قوغۇننى ئايرىم، تاۋۇزنى ئايرىم بېسىپ چۆپ بىلەن يېپىپ سالقىن ساقلاپ قوياتتى. مېھمان كەلگەندە چۆمۈچ قاپاقلىق گۈل باراڭغا باشلايتتى ـ دە،

ئۇدۇللۇق ئەكېلىپ مۇزدەك پېتى تىلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوياتتى. ھەرگىزمۇ مېھمان كەلگەندە قوغۇنلۇققا يۈگۈرۈپ، تاختىمۇتاختا پىلەك قايرىپ يۈرمەيتتى. قولىغا چىققاننى، ئىسسىپ قالغان قوغۇن - تاۋۇزنى ئاچىقىپ مېھمانغا تىلمايتتى. بۇ دادامنىڭ ئەل - جامائەتنى چوڭ كۆرىدىغان پەزىلىتى بولۇپ، ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان، ئالتۇن - كۈمۈشكە بەرگۈسىز ئېسىل ئادەتلىرى ئىدى. دادام دائىم دېگۈدەك شۇنداق دەيتتى:

— بولا - بولماس قوغۇننى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇش ھەقىقىي قوغۇنچىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى مېھمانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق ھەم سەت قىلىقتۇر. مېھمان دېگەن كۈندە كېلىپ تۇرمايدۇ. مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە كۆڭۈللۈك ئىش يوق، بالام!

دېمەك، دادام قوغۇنلۇققا مەيلى مۆتىۋەر - كاتتىلار كەلسۇن، مەيلى ئانچە ئېلىم - بېرىم قىلىپ كەتمەيدىغان ھەتتا تونۇمايدىغان ئۆتكۈنچى، دىۋانە كەلسۇن ئوخشاشلا ئوچۇق چىراي بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالاتتى. ئىككى قوللۇق، ئىككى يۈزلۈك قىلمايتتى. ناۋادا، بىرەر مېھمانغا ئالدىن تەييارلاپ قويغان قوغۇننى تۇگەپ كېتىپ كۆڭۈلدىكىدەك مېھمان قىلالماي قالسا، خۇددى ئۇ ئادەمگە قەرز بولۇپ قالغاندەك خىجىل بولۇپ، يېنىپ - يېنىپ ئۆزرە ئېيتىپ كېتەتتى.

دادامنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ئەل - جامائەت بەكلا رازى ئىدى. دادام كىشىلەرگە شۇنچە ئېسىل سورتلۇق قوغۇنلارنى يېگۈزگەندىن سىرت، پىيادە كەلگەنلەرگە بىر - ئىككىدىن قوغۇننى قولتۇقلىتىپ، ئاتلىق، هارۋىلىق كەلگەنلىرىنىڭ هارۋىلىرىغا بەش - ئوندىن قوغۇننى

سىلىپمۇ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا مېھمانلار دادامدىن مىننەتدار بولۇشۇپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي دادامنى: «پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل، خىزىردەك ئالىقىنى كەڭ ئادەم» دەپ تەرىپلىشىپ كېتەتتى. دادام بۇ سۆزلەردىن ئىناۋەت تاپقاندەك، ساۋاب تاپقاندەك، ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ، يەنە بىر تۈركۈم مېھمان كەلگۈچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ شاپاقلارنى نېرى قىلاتتى. قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقلىرىنى، ئالا قوزىۋاينىڭ، ئاق قوزىۋاينىڭ، قارا تاۋۇزنىڭ، ئابىناۋاتنىڭ، چوكارنىڭ، شېكەرسۈيىنىڭ، كۆكچىنىڭ، گىلاۋىنىڭ دەپ ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ، يېيىپ قۇرۇتۇپ ئاۋايلاپ سەرەمجانلاشتۇراتتى. دادامنىڭ قوغۇنچىلىقتىكى يەنە بىر خىسلىتى، قوغۇن بولسۇن، تاۋۇز بولسۇن سورت ـ سورتى بىلەن ئەڭ ئەلالىرىنى مېھمانغا تىلىپ ئۇرۇقىنى ئېلىپ قالاتتى.

ـ بۇ قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى سېتىۋەتكەندە، ـ دەيتتى دادام، ـ ئۇرۇقى بىللە كېتىپ قالىدۇ. دېمەك، ئەلالىرىنى مېھمانلارغا تىلىشتىكى مەقسەت، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش بولسا، ئىككىنچىدىن، ياخشى، ئىشەنچلىك ئۇرۇق ئېلىشتۇر. بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، بالام! ـ دەپ ماڭا تەلىم بېرەتتى.

شۇڭلاشقا، ئەتىيازلىقلىرى نە ـ نەدىن: «مۆمىنئاخۇننىڭ ئۇرۇقلىرى ساپ، ئىشەنچلىك» دېيىشىپ ئالىكىملەر ئۇرۇق سورىشىپ كېلەتتى. دادام بولسا، ئۆزى تەرگۈدەكنى مۆلچەرلەپ ئەپقېلىپ قالغىنىنى كۆتۈرتۈپ قوياتتى.

بەزى چاغلاردا مەن بىكاردىن ـ بىكارغىلا ئالىكىملەرگە كېتىۋاتقان قوغۇن ـ تاۋۇزلارغا، ھەتتا

رەنجىشىپ قالغانلار كەلسىمۇ تەتۈر قارىماي يېقىن تۇغقىنى كەلگەندەك كۈتۈشلىرىگە قاراپ، تەئەججۈپ بىلەن سوراپ قالاتتىم:

— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ مىڭبىر جاپادا تەرگەن قوغۇن - تاۋۇز، ھەتتا ئۈرۈكلىرىنى خەققە بىكارغا بېرىۋەتسەڭ، ئۇلار پۇل بەرمىسە، بىز قىشتا قانداق قىلىمىز؟ ئۇلار ئىسسىق ئۆيىدە لەۋمەن، پولۇ، مانتا يەپ ياتسا، بىز ئۇماچ ئىچىپ، زاغرا يەپ چىقىمىزغۇ؟ قوغۇن - تاۋۇزنى ساتقان پۇلغا بۇغداي، گۆش - ماي ئالساق، خەق يېگەننى بىزمۇ يېسەك - كىيسەك بولمامدۇ؟

— ھەي بالام، سەن بىلمەيسەن - دە، — دەيتتى دادام، — قوغۇن دېگەن شالتاق. ئېيتقانلىرىڭمۇ بىر ھېسابتا توغرا. ئەمما، بىز بۇ دۇنيالىقنىلا ئويلىساق بولمايدۇ. بالام، كۆپىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئادەم راۋاج تاپىدۇ. سەن دېگەندەك قوغۇننى قوغۇن قىلماق ھەقىقەتەنمۇ بەك جاپالىق. بۇ ئەقىدە، ئىخلاس، يېتەرلىك ئەجىر تەلەپ قىلىدىغان، جاپاسى تولا، خاسىيەتلىك ئىش! «بىر تۈپ قوغۇننىڭ تۈۋىگە مىڭ قېتىم بارغاندا ئاران تەييار بولىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. ئۇنىسى راست، شۇڭا باغقا ئوغرىلىققا كىرگەن ئادەمنىڭ قولىنى كەسسە، قوغۇنلۇققا ئوغرىلىققا كىرگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ سورىقى يوقكەن. نېمىشقا دېگەندە، باغنى بىر قېتىم ئەھيا قىلىپ قويسا، بىر ئۆمۈر مېۋە بېرىۋېرىدۇ. قوغۇن بولسا ھەر يىلى تېرىيدىغان، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك مۇشەققەتتى تولا ئىشتۇر. شۇڭا ئوغلۇم، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، يەتتە يىل قوغۇن تېرىغان ئادەمگە دوزاخ ئوتى ھارام، جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇقمىش.

دادام ئاق كۆڭۈللۈكى، ئەقىدىكەشلىكى بىلەن ئاسانلا باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئەتىياز يېقىنلاشقانچە دادامنى ئىشلەتمەكچى بولغانلار ياغلىما گەپ، چوڭ ـ چوڭ ۋەدە، كاتتا شاپائەتلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. خۇددى قىزى بار ئۆيگە ئەلچى كەلگەندەك بىرنى چىقارسا بىرى تاپ بېسىپ كېلىپ دادامنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپلا قوياتتى. بۇ يەردە يەر ئىگىلىرىنىڭ كۆزلەيدىغىنى، بىرىنچىدىن، دادامنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇزنى مەھەللە بويىچە ئوخشىتىپ مول ـ ھوسۇل ئالىدىغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، دادامغا چىغلىق، چىغىرتماقلىق، كۆتەك ـ چاتقاللىق يەرلەرنى ئاچقۇزۇۋېلىش ئىدى. چۈنكى، دادام ئادەتتە تېرىلىپ تۇرغان يەرگە قوغۇن تېرىمايتتى. ئامال بار بوزلۇقلارنى، كەتمەن تەگمىگەن يەرلەرنى ئېرىنمەي، جاپاغا چىداپ ئېچىپ قوغۇن تېرىيتتى. قوغۇنلارنىڭ تاتلىق، تاۋۇزلارنىڭ يوغان، شېرىن بولۇشى ئاشۇ سەۋەبلىك ئىدى. دادامۇ نەدە ئاشۇنداق يەرلەر بولسا، ئالدىن ئاشۇ يەرلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ: «ئاشۇ يەرنى ئېچىپ قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىيدىغان بولسا مول ـ ھوسۇلنى كۆڭۈلدىكىدەك يىغقىلى بولىدۇ» دەپ يىللاپ ـ يىللاپ ئارمىنىنى قىلاتتى. دادامنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى ئاللىقاچان پەملەپ يەتكەن ھىيلىگەر بايلار يەرلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، دادامنى ئۇچۇرۇپ ماختاپ، ئاغزىدىن چىققانلىكى شەرتكە ماقۇل بولۇپ، بىر يىلى بىرى ئورتاقچىلىققا كۆندۇرەتتى، يەنە بىر يىلى يەنە بىرى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقى بىلەن قەسەم ئىچىپ قولىغا كىرگۈزۈۋالاتتى. بۇنداقلارنىڭ قۇۋلىرى دادامنى دامىغا دەسسىتىۋالغاندىن كېيىن قەرزگە بوغۇۋېلىپ

ياكى دادامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىپ بىرنەچچە يىل بەند قىلىنىۋالاتتى. ۋاھاپباي بولسا ئاشۇنداق تۆت ـ بەش يىل بەند قىلىنىۋالغۇچىلارنىڭ يامانراقى ئىدى.

بۇ يىل دادام روزىمەت «ئەنجانلىق» دېگەن شەھەرلىك باينىڭ ئۆزىدەك كەڭ قورساق، توغرا نىيەتلىك ئوغلى يۇسۇپجان دېگەن كىشى بىلەن كېلىشىپ ئورتاقچى بولغانىدى. يۇسۇپجان ئاكا پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان خۇش پېئىل، مەرد، كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ ئادەم ئىدى. دادام بىلەن يۇسۇپجان ئاكىنىڭ مىجەزى بەكلا ئوخشايتتى. يۇسۇپجان ئاكام مەرد كىشى بولۇپ قىرىق خولۇق (تۆت يۈز مو) يەرنى دادامنىڭ باشقۇرۇپ بىراقلا تېرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. تۇنجى يىلىلا دادام ئون خولۇق (يۈز مو) چىغلىق يەرنى ئادەم ياللاپ ئاچتى. يېرىمىغا يازلىق، يېرىمىغا كۈزلۈك قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىغانىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا: «بۇ يىل مۆمىنئاخۇن قىزىلىدىن چىقىدىغان بولدى» دېگەن گەپ پۇر كېتىپ، ۋاھاپباينىڭ ئىچىنى ئوبدانلا ئاداتقانىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، چىشىنى قىرىشتۇرغانىدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم، يۇقىرىدا يازغانلىرىمغا قاراپ: «ۋاھاپباي چۈجىلىرىنى مۈشۈك يەپ قويغانغا شۇنچىۋالا ئەسكىلىك قىلارمۇ؟ ئاشۇرۇۋېتىپتۇ» دېگەن ئويلاردىمۇ بولغانسىلەر، بەلكىم. مەن بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتەي: راست دېگەندە، ۋاھاپباينىڭ بىز بىلەن قېرىشىشىدىكى سەۋەب، مۈشۈكىمىزنىڭ ئۇنىڭ بىرنەچچە چۈجىسىنى يەپ قويغانلىقىدىن بولماي دادامنىڭ ئۇ نەپ بەرمەس بىلەن چېگرانى ئايرىپ، يۇسۇپجان ئاكا بىلەن ئورتاقچىلىق قىلغانلىقى ئىدى. دادامنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ

ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان، يۈز ـ ئابرۇيى تېپىۋاتقان ۋاھاپبايىنىڭ كۆتمىگەندە دادامدىن ئىبارەت بۇ لوق گۆش تەييارلىغۇچىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلغانىدى. ئۇ ھېچ قۇسۇر تاپالماي ئاشۇ گۇناھسىز مۇشۇك ـ ئاسلانلارنى قىيناپ ئۆلتۈرۈش يولى بىلەن بىزگە زەربە بەرگەن ۋە ئۆچ ئالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

دادام تورلىشىپ پىشقان ئىككى چىلگە بىلەن سۈت قاچىسىنى ماڭا كۆتۈرتۈپ، تۈگمەندىن قايتقانلارنىڭ ھارۋىسىغا سېلىپ قويدى. مەن ھارۋىكەشنىڭ غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ، پات - پات قولۇمدىكى چىلگىنى ئاپامنى، ئۈكىلىرىمنى، ئاسلانلىرىمنى پۇرىغاندەك پۇرىغىنىمچە مەھەللىگە كېتىپ باراتتىم.

— ھەي، ئادەم دېگەننىڭ ئۆزىدىنمىغۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — ھارۋىكەش دىمىقىدا ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى توختىتىپ، ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلغانچە ناخشىنى پاراڭغا ئۆرۈۋەتتى. مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ پاراڭغا دىققىتىمنى قاراتتىم.

— ھەي ئوغلۇم، ھەي ئوغلۇم، سەن ھازىر ۋاھاپباينىڭ نېمە كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيسەن. بۇرۇنقىدەك مالايلىرىغا، ئورتاقچىلىرىغا، خوتۇن - بالىلىرىغا ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى ھازىر يوق. ۋاھاپباي يالغۇز جېنىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئېلىشىپ، ئۆزىنى ئۆزى غالجىر ئىتتەك تالاپ، ئىككى مورىسىنى يەپ بولاي دەپتۇ. ئۆلۈشكۈن بامدات نامىزىدىن يېنىپ جامائەت بىلەن ئەھۋال سوراپ قويايلى دەپ كىرىپ قالمايمەنمۇ، كىرگەنلەرنىغۇ تونۇغۇچىلىكى يوق، يۈز - كۆزىدە قان يۇلقۇنۇپ تۇرمامدۇ. «يا ھەزرەت، ئادەممۇ

مۇنداق كۈنگە چۈشۈپ قالىدىكەن» دەپ ياقامنى تۇتتۇم. چۆچۈپ كەتكىنىمدىن تۇكۇرۇكۇمنى يۇتالماي قالدىم. كىچىچە ۋاھاپباينىڭ شۇ تۇرقى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇمغان بولسام نېمە دەي. ئەگەر سەنمۇ كۆرسەڭ جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالىسەن، شۇڭا ۋاھاپباينىڭ قورۇسىغا ئاياغ باسقۇچى بولما!

هارۋىكەش شۇنداق دەپ ئاغزىغا ناسۋال سالدى. ئۇ كالپۇكلىرىنى ئۈمەللەشتۇرۇپ بىر دەم جىمىپ قالدى. ناسۋال ھاسىل قىلغان ئاچچىق سۈيۈقلۇق چىرايىدا پەيدا بولغان قايغۇسىنى، غەزەپ ـ نەپرىتىنى تارقاتقاندەك قىلدى.

ــ ئادەم دېگەن بۇ دۇنيادا نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدىكەن. مەسىلەن ئېيتايلۇق، سېنىڭ داداڭ قوغۇن تېرىپ ئەلنىڭ رەھمىتىنى ئېلىۋاتىدۇ. ۋاھاپبايچۇ؟ نەپسى بالالىقىدىن ئەلنىڭ قارغىشىنى ئېلىپ، تەڭرىنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ. مانا بالام، بۇ شۇنچىلىكلا جاھان. «قاشقا سانىساڭ كۆزگە» دېگەن گەپنىڭ دەل ئۆزى.

ــ تاغا،ــ دەپ سورىدىم چۈشەنمەي «قاشقا سانىساڭ كۆزگە» دېگەن قانداق گەپ؟

ــ ھەي بالام، راست سەن بۇ سۆزلەرنى چۈشەنمەيسەن،ــ دەپ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ھارۋىكەش،ــ بۇ دېگەنلىك ئادەمنىڭ قېشىنى چۈشۈرۈۋەتسە، ئادەم مايمۇن تەلەت، سەت بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرىپى كۆزگە كىرىدىغان توپا ـ چاڭ قاتارلىق نەرسىلەرنى توسۇپ قالىدىغان كىرپىك بىلەن قاش بولمىغاچقا كۆز ئاسانلا نابۇت بولۇشقا باشلايدۇ. دېمەك، ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا، بىر قېرىندىشىغا ئەسكىلىك، پەسلىك قىلىپ، ئۇنى قاتتىق رەنجىتسە، قارغىشىنى ئالسا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئادەم بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆز جاجىسىنى يەيدۇ. يۇرتداشلىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، پوچەك، ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا ئالايلۇق، ۋاھاپباينىڭ باشقا مالايلىرىنى قويۇپ تۇرايلى، سىنىڭ داداڭنى، «مەن بىلەن ئورتاقچىلىقتىن چىقىپ باشقىلار بىلەن ئورتاقچى بولدۇڭ» دېگەندەك قىلىپ مۇشۇك ــ ئاسلانلىرىڭلارنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، ھەتتا تىرىك كۆمۈپ، سىلەردىن ئۆچ ئالدى. ئۇزاققا بارمايلا ياراتقان ئىگىمىز قانچىلىغان مالاي ــ ئورتاقچىلارنىڭ دەرد ــ ئەلىمىنى مۇشۇ ئالەمدىلا، خەلقئالەم ئالدىدا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ۋاھاپبايغا ئوخشاش نائەھلىلەرگە ئىبرەت قىلدى. ئۇنى ھازىر كۆرسەڭ بىر غالجىر ئىت، بىر ساراڭغىلا ئايلىنىپ قالدى. غالجىر ئىتنىڭغۇ ئۆلتۈرۈۋەتكۈلۈك، ئادەم غالجىر بولسا ئۇنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمىسا، بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ جازا بولامدۇ؟ ھەي، ــ دېگىنىچە بېشىنى يانغا قىلىپ ئاغزىدىكى ناسۋال قالدۇقلىرىنى تۈكۈردى ــ دە، «دىر ــ چۇ» دەپ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى سىلكىشتۈردى. بىر ۋاقىتتا مەھەللىنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىغا جايلاشقان ۋاھاپباينىڭ كۈنچىقىشقا قارىتىپ سېلىنغان ئۆيلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يەنە بىرئازلا ماڭساق مەھەللىگە قايرىلىمىز. ئەنە شۇ مەھەللىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشتىكى دەل ۋاھاپباينىڭ قورۇسى ئىدى.

كۆكۆل دېگەنزە ئاجايىپ يۇگۇرۇك ۋە ئۇچقۇر ــ دە. ھەر خىل باش ــ ئاخىرى يوق خىيال ــ ئارمانلارنىڭ خالتىسى، ئېسىل ئارزۇ ــ ئۈمىدلەرنىڭ خەزىنىسى ئىكەن. مانا شۇ تۇرقىدا ئاسلانلىرىم ئالدىمغا قاتارلىشىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. نەدىمۇ ئۇنداق ئىش

بولسۇن. ئەمما، ۋاھاپىباينىڭ بىر ئورتاقچىسىنىڭ قىزلىرى ئىككىدىن ئوغلاقلىغان بىرنەچچە ئۆچكىسىنى يول ياقىسىدا بېقىۋاتقانىكەن. ئۇ ئوغلاقلار توقلۇقتىن شوخلىشىپ تىك تۇرۇۋېلىپ «دىك ــ دىك» سەكرىشىپ، بىر ــ بىرى بىلەن بولۇشىغا قوغلاشقىنىچە مېنىڭ كۆڭلۇمنى ئاۋۇندۇرۇپ، كۆڭۈل جاراھەتلىرىمگە مەلھەم بولدى.

بىز مەھەللىگە قايرىلدۇق. ۋاھاپىباينىڭ قورۇسى ئالدىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا ۋاھاپىباينىڭ تۇغقانلىرى، قولۇم ــ قوشنا ۋە مەھەللىدىكىلەر تۆت ــ بەشتىن توپ ــ توپ بولۇشۇپ بىرنېمىلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى. قورۇغا كىرىپ كېتىۋاتقان ــ چىقىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ــ كۆردۇڭمۇ؟ــ ھارۋىكەش قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن ۋاھاپىباينىڭ قورۇسىنى كۆرسىتىپ،ــ بىرنەچچە كۈن بولدى، بۇ قورۇ ئاشۇنداق تىنچىسىز، ــ دېدى.

راست دېگەندەك ھويلا ئىچى سۈرۈن ۋە پاتىپاراق بولۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ چىرايىدا قان دىدارى يوق ئىدى.

ھارۋىكەش بىرنەچچە ئەگىمدىن ئۆتۈپ توختاپ، مېنى چۈشۈرۈپ قويدى. مەن يار ۋە جىلغا ياقىلىغان كۆمىلاچ تاملىق يولنى بويلاپ سۈت كومزىكىنى بىلەن چىلگىلىرىمنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ــ دېرىزە، پېشايۋانلىرى شەرققە قارىتىپ سېلىنغان، دەرۋازىسى شىمالغا قارايدىغان كىندىكئانىلارنىڭ قورۇسىغا كىردىم. كىندىكئانام ھويلىدا سۈزمىنى قۇرۇت قىلىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا كۈلۈپ كەلدى ــ دە، مۇرەمدىن تۇتۇپ مەڭزلىرىمگە سۆيۈپ كەتتى.

ــ جېنىم بالام، بارمۇسەن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى

كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭ. بۈگۈن ـ ئەتە سۈت ـ قايماق ئېلىپ سېنى يوقلاپ كېلەيمىكىن دەۋاتاتتىم. «قوشناڭ تىنچ، ئۆزۈڭ تىنچ» دېگەندەك بىر نەچچە كۈن بولدى. مۇنۇ ۋاھاپبايي بىر قىسما بولۇپ قېلىپ بىزنىڭمۇ ئارامىمىز بولمىدى. ھە، داداڭ مۆمىنئاخۇن تىنچلىقتۇ؟ قانداقراق تۇرۇۋاتىسىلەر؟ ۋۇي، قولۇڭدىكى چىلگىكەنغۇ. پاھ ـ پاھ، ئەجەبمۇ تورلىشىپ چىرايلىق پىشىپتا، نېمىدېگەن بالدۇر چىققان. سېنىڭ داداڭزە توپىدىن ئالتۇن سۈزىدىغان ئادەم ـ دە. قوللىرىڭ تېلىپ كەتكەندۇ تايىنلىق. ۋاي جېنىم بالىمەي، ۋاي جېنىم بالىمەي، ــ دېگىنىچە چىلگىلەر بىلەن قوشۇپ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى، ــ بارىكاللا، بارىكاللا. چوپچوڭلا بولۇپ قاپسەن. ئاناڭ رەھمەتلىك تۇرىدىغان بولغان بولسا، بۇ تۇرقۇڭنى كۆرۈپ نەقەدەر خۇش بولۇپ كېتەرىدى. بەلكىم روھى كۆرۈۋاتقاندۇ، روھى خۇش بولۇۋاتقاندۇ.

كىندىكئانام باشلىرىمنى سىلىغىنىچە كۆز يېشى قىلدى.

ــ چىلگىلەرنىڭ ئالدى پىشقانىدى. دادام: «كىندىكئاناڭغا يېڭىلىق تۇتقاچ يوقلاپ كەل. ئۆزۈڭمۇ مەھەللىگە ئاياغ باسمىغىلى خېلى ئۇزاق بولدى. بۇ يەردە يالغۇز ئويناپ زېرىكىپ كەتتىڭ» دەپ يولغا سېلىپ قويدى. بۇ چىلگىلەرنى يەپ بېقىڭ، ئاجايىپ تاتلىق، ــ دېدىم مەن كىندىكئانامنىڭ قولىدىكى چىلگىلەرنى ئىما قىلىپ. كىندىكئانام زىيادە خۇش بولۇپ كەتتى.

ــ مانا، مانا، ئاجايىپ ئادىتىڭ بار ـ دە، سېنىڭ. يالپۇز، بېدە كۆكى چىققاندىن باشلاپ چىلگە، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكباشتىن تارتىپ يېڭىلىق تۇتۇشنى

ئۇنتۇمايسىلەر ـ دە، بالام. مېنى ياد ئەتكىنىڭلارغا رەھمەت. داداڭنىڭ قولى دەرد كۆرمىسۇن. خۇدايىم داداڭغا جەننەت ئاتا قىلغاي، ــ دەپ دۇئا قىلدى ـ دە، پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى ۋە چىلگىنى يېنىش ـ يېنىش پۇراپ ھوزۇرلاندى. مېنى پېشايۋانغا باشلاپ چاي راسلىدى. ئالدىمغا تاتلىق ـ تۈرۈم، قايماق قاتارلىق نەرسىلەرنى تىزىۋەتتى ۋە، ــ مەنمۇ سېنى كېلىپ قالار دەپ تۇراتتىم. قېنى يە، ئىچ! تارتىنما بالام.

مەن گويا ئاپامنىڭ قېشىدا ئولتۇرغاندەك تەنلىرىم يايراپ، روھلىنىپ، پەيزى قىلىپ چاي ئىچتىم.

كىندىكئانام ھەرقېتىم ھېيتلاپ كەلسەم، شۇنداقلا مېۋىلەرنىڭ باشبۇرنى چىققاندا يېڭىلىق تۇتۇپ كەلسەم قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتەتتى. بۇگۈنمۇ قۇرۇق قول قايتۇرمايدىغان ئادىتى بويىچە كۆڭلەك ـ ئىشتان، لۆڭگە ـ ياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى پەتنۇسقا سېلىپ ئالدىمغا قويدى.

ــ بۇ لۆڭگىدە داداڭ تەرىنى ئېرتسۇن. بۇ ياغلىقنى سەن تۇت. بۇ يازلىق كىيىمنى ساڭا ئاتاپ ئۆز قولۇم بىلەن تىكىپ قويغانىدىم. سايغا چىقىپ يۇيۇنۇپ، بۇ كىيىمنى يەڭگۈشلىۋال. سەن مەھەللىنى ئايلىنىپ كىرگۈچە تاماق ئەتكەچ كىيىملىرىڭنى يۇيۇپ قوياي، ــ دېدى.

مەن كىندىكئانامغا رەھمەت ئېيتىپ، مەھەللىدىكى دوستلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى بىزنىڭ قوغۇنلۇققا بېرىپ چىلگە يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىشقا چىقىپ كەتتىم.

قورۇدىن چىقىشىم بىلەن قەدىمىم ئىختىيارسىز ۋاھاپباينىڭ قورۇسى تەرەپكە تاشلاندى. خۇددى پۇتۇمغا

تولۇق تاش سۆرتىپ قويغاندەك كۆڭۈلسىز ھالەتتە ئېغىر قەدەم، ئېغىر تىنىق بىلەن مۇشۇك ـ ئاسلانلىرىم ۋەقەسىدىن كېيىن كوھىقاپتەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغان قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم. قورۇ ئالدى ۋە ئىچى توپلىشىپ تۇرغان، كىرگەن ـ چىققان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. شۇ ئارىدا ۋاھاپباينىڭ يالغۇز ئوغلى ھېيتەم قورۇدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى ـ دە، مېنى كۆرۈپ: «ئۆيگە كىر مۇراد، ئۆيگە كىر، مەن ئوسمان قارىمنى چاقىرىپ كېلەي ـ ھە، ئوسمان قارىم...» دېگىنىچە مەھەللىنىڭ باش تەرىپىگە ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قورۇغا كىردىم. ئىشىك تۈۋىدە مىشىلداپ، ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرغان رازىيە مېنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمىگەن بىر ھالەتتە بەكمۇ خىجىلچىلىقتا ئالدىمغا كېلىپ پاڭخىمدە يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ كۆزلىرى زىيادە قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ ئارانلا: «دادام، دادام...» دېيەلىدى ـ دە، قولۇمدىن سۆرەپ دالان ئۆيگە، ئاندىن ئاشخانا ئۆيگە يېتىلەپ كىردى. بىز قىستىلىپ يۇرۇپ ئاران دېگەندە ئاشخانا ئۆيىنىڭ تاپىسىغا كىرىپ تۇردۇق. ئۆي ئىچىدە توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن ۋاھاپبايغا كۆز تىكتۇق.

ــ قارىغىنا مۇراد، دادامنىڭ بولۇپ قالغان ئەھۋالىنى،ــ دېدى رازىيە ھۆكرەپ يىغلاپ.

قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، ۋاھاپباي ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىلىپ كەتكەن لىم ياغاچقا تىرەپ قويۇلغان تۈۋرۈككە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلۇپ چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەنىدى. ۋاھاپباينىڭ كۆزلىرىگە قان تولغاندەك بولۇپ سىرتىغا پۇلتىيىپ چىققانىدى.

ئىككى مۇرىسىنى ئىت تالىغاندەك گۆشلىرىنى ئىتما ـ ئىتما قىلىۋەتكەنىدى. ئاغزىدىن قان ئارىلاش شالى ئېقىپ تۇراتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئەتراپقا ئىتىلماقچى بولغاندەك يۇلقۇناتتى. ئىتىلالمىغاندىن كېيىن كۆچى مۇرىسىگە يېتىپ دەرغەزەپ بىلەن ئىت ئۇستىخان غاجىغاندەك «گارت ـ گۇرت» قىلىپ ئاغزى يەتكەن ۋە تەگكەن يەرنى غاجىلاۋاتاتتى. مەن بۇ مەنزىرىدىن ناھايىتى شۈركۈندۈم ۋە قورقتۇم. ھارۋىكەشنىڭ: «ئۇ ئۆيگە، ۋاھاپباينىڭ قېشىغا يولغۇچى بولما» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن، دېگەن ئويغا كەلدىم ـ دە، پېشانەمدىن چىققان سوغۇق تەرنى يېڭەمگە سۈرتتۈم. كەينىمگە شوقشىغىنىمچە ئارانلا سىرتقا چىقىۋالدىم. نەپسىمگە ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك بىئاراملىقتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تامنىڭ سايىسىغا ئالدىم. ئاشۇ يەردە بىرپەس ئارام ئالغاچ ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

ــ جىن چاپلىشىپتۇ.

ــ ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگەنگە قارىغاندا غالجىر بوپتۇ.

ــ شۇ، مۇشۇك كەلدى، ئاسلان كەلدى دەپ ئىتتەك ھاۋشىغىنىغا قارىغاندا، مۇشۇك سۈرەتلىك جىن چاپلىشىپ غالجىر بولغان ـ دە.

ــ ھەي، ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، يىغىپ ئېيتقاندا قىساس يامان دەڭلا. بۇ ۋاھاپمۇ ئۆزىنى تۇتالمايلا قالدى. مۆمىنئاخۇنغا قاتتىقلىق قىلىمەن دەپ ئاشۇ جانىۋارلارغا ئادەم بالىسى قىلمايدىغان زۇلۇمنى سېلىپ، تىرىك كۆمۈۋەتكىنى ئاسان ۋە يېنىك گۇناھ دەمسىلەر. تىلسىز ئاشۇ جانىۋارلارغا ئۇۋال ـ دە، ئۇۋال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ۋاھاپباي ئاشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن مەيلى بۇ دۇنيادا بولسۇن، مەيلى ئۇ دۇنيادا بولسۇن ئەلۋەتتە بەدەل تۆلەيدۇ.

— بۇ دېگىنىڭلا توپتوغرا، تۇرسۇنئاخۇن. «بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە، ھازىر باغ ئايلىنىپ كېلىدۇ» دېگەن مۇشۇ ـ دە.

— نەدىكىنى، بوسۇغا ئايلىنىپ دېسىلە. ۋاھاپباينىڭ ئاشۇ شۇملۇقلارنى قىلغىنىغا ئاي توشمىغان تۇرسا، بوسۇغا ئايلانغان گەپتە.

— ھەي قېرىنداشلار، نېمىلا دېمەيلى بۇ ھەرقانداق ئادەمگە چوڭ ئىبرەت جۇمۇڭلا. بۇ ۋاھاپباي تارتىۋاتقان تارتقۇلۇقنى خۇدايىم بەندەم دېگەن ئادىمىگە كۆرسەتمىسۇن.

يۇقىرىقىدەك بىرىنىڭ گېپىنى يەنە بىرى تولۇقلايدىغان تالاش ـ تارتىش، مۇلاھىزە، باھالارنى ئاڭلاپ قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ، بەدىنىم سوغۇق تەرگە چۆممەكتە ئىدى. يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن، قارغىش ـ لەنەتلەردىن بىر تۇرۇپ ئۆچۈم چىقىپ خۇش بولغاندەك قىلسام، بىر تۇرۇپ قورقماقتا ئىدىم. ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمگە قارىغاندا، چوڭلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن بىگۇناھ مۇشۇك ـ ئاسلانلىرىمنىڭ قىساسى ۋاھاپباينى تۇتقاندەك، مۇشۇك ـ ئاسلانلىرىمنىڭ روھى ۋاھاپبايغا راسا تېتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن بۇ خىل ئويلارنىڭ مەدىتى بىلەن سەل دەرمانلىنىپ قېلىۋاتاتتىم. روھلىرى قەھرىمانلىق قىلىۋاتقان ئاسلانلىرىمنىڭ سېغىنىشى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى ـ دە، ئاسلانلىرىم تۇغۇلغان ئوچاق

ئىچىگە، ئۇلارنى قوغداپ سولاپ باققان كۆكتات ئورىسىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ چىقتىم. ئاسلانلىرىم يامراپ چىقىپ كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى. نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاسلانلىرىم تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن كونا قۇدۇقنىڭ بېشىغا باردىم. قۇدۇق كۇھىقاپىنىڭ ئاغزىدەك مېنىمۇ دەم تارتىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. سەل ئارقىمغا داجىپ ئەخلەت توشاي دەپ قالغان قۇدۇق ئىچىگە ئېگىشىپ قارىدىم. ئاسلانلىرىمنىڭ تىرىك كۆمۈلۈۋاتقان چاغدىكى پاجىئەلىك ئەھۋالىنى كۆرگەندەك، مىياڭلاش، مىرقىراشلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. خۇددى بىراۋ بەدىنىمگە قىزىق ياغ چاچقاندەك سەسكىنىپ، سىلكىنىپ كەتتىم. ئۇكىلىرىم تۇگىگەن چاغدىكىدەك ئۆپكەمنى باسالماي، ئېسەدەپ ياش تۆكۈشكە باشلىدىم. شۇ ئارىدا يېنىمدا ۋاھاپبايىنىڭ يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان، بۆكىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكېلىدىغان ساۋۇت «كۆك كۆز» ئىسىملىك مالىيى پەيدا بولدى. ئۇ قوزەم ئاكىغا زادىلا ئوخشاشمايتتى. مۆرىتى كەلسە بىر چىنە تاماق ئۈچۈن ۋاھاپبايىنى دەپ نى ـ نى ئەسكى ئىشلارنى قىلىۋېتەتتى. ئۇ بېشىمغا پاقىدە ئۇرۇپ: «بۇ يەردە نېمە شۇملۇق قىلىپ، ئۆلمىگەن ۋاھاپبايغا ھازا ئاچىسەن؟ ئادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى بولمايۋاتقاندا، بۇ يەردە كۇچۇكتەك ھۇۋلاپ ئۆلۈمنى چىللىماي دەرھال كەپەڭگە كېتىۋال!» دەپ، مېنىڭ: «ۋاي ساۋۇت ئاكا، مەن ۋاھاپبايغا ھازا ئاچقىنىم يوق، ئاسلانلىرىمغا يىغلاۋاتىمەن» دېگەنلىرىمگە قۇلاق سېلىپمۇ قويماي، قولۇمدىن سۆرىگىنىچە قورۇدىن سىرتقا چىقىرىۋەتتى.

مەن مۇشۇكۇم ئۆلتۈرۈلگەن يار بويىغا باردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپكۆك كۆلگە قارىدىم. ئۇنىڭدا پۇت - قولى باغلىنىپ تاشلانغان مۇشۇكۇمنىڭ جان تالىشىۋاتقان، ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىشىۋاتقان قەيسىرانە كۆرۈنۈشى؛ مىڭبىر جاپادا بوشىنىپ يەنىلا مېنىڭ قېشىمغا چىقىپ پاچاقلىرىمغا ئۆزىنى سۈركەشلىرى؛ ئاخىرقى قېتىم ماڭا قاراپ قويۇپ سىلكىنىۋېتىپ لويلا - تىكەنلەر قاپلىغان يوغان - يوغان داڭگال پارچىلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكى؛ ۋاھاپباينىڭ ئاچ بۆرىدەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ مۇشۇكنى تېپىۋالغانلىقى؛ ئۇنى يانتۇ تۇرغان يوغان داڭگالغا ئۇرۇپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بولدۇم. «توۋا، — دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە، — يېقىندىلا ۋاھاپباي مۇشۇكۇمنى سۇغا تاشلاپ قىيناپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئەمدى ئۇنى بالىۋاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھېچ ئامال قىلالماي تۇۋرۇككە باغلاپ قويۇپتۇ. ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلتۈرۈپتۇ. دادامنىڭ: ‹كىمنىڭ زۇلمى كۆپ بولسا زاۋالى يېقىن بولار›، دېگىنى مۇشۇ ئىش ئىكەن - دە!» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

دائىم بىللە ئوينايدىغان ئاداشلىرىمدىن بىرنەچچىسى يېنىمدا پەيدا بولۇشتى. بىز تىنچ - ئامانلىق سوراشتۇق. ئۇلار ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى. مەن قوغۇنلۇققا قايتمىسام بولمايدىغانلىقىنى، دادامنىڭ ئەنسىرەپ قالىدىغانلىقىنى دېدىم ھەمدە ئۇلارنى قوغۇنلۇقىمىزغا بېرىپ ئويناپ، چىلگە يەپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ ئەتىلا بارىدىغانغا ۋەدە بېرىشتى. بىز خوشلاشتۇق. مەن مەھەللىنىمۇ ئارىلىماي كىندىكئانامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتىم. ھويلىغا كىرىشىمگە بۇرنۇمغا قورۇلغان قىيمىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلدى.

— كەل بالام، كەل! يۇقىرىغا ئۆت. مانا، تامىقىمىز تەييار بولدى، — دېگىنىچە مېھرىبان كىندىكئانام دەرھال بىر تەخسە لەگمەننى ئالدىمغا قويدى. مەن مەززە قىلىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدىم. كىندىكئانام:

— كەچ كىرىپ كەتتى، قونۇپ قال، — دېدى.

— ياق كىندىكئانا، دادام ئەنسىرەپ قالىدۇ. كېتىشىم كېرەك. كېيىنرەك كېلىپ قونۇپ كېتەرمەن. ئەمدى قوغۇنلارمۇ پىشىدۇ. سىزمۇ بېرىپ قوغۇن ھالۋىسى ئېتىپ يەپ، قوغۇنلاردىن ئېلىپ كېلىڭ. تۈگمەنگە ئۇن تارتىشقا بارىدىغانلار ئۆزۈلمەي مېڭىپ تۇرغاندىن كېيىن شۇلارنىڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپلا بېرىڭ، — دېدىم ئاغزىمنى سۈرتۈپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىپ.

— بولىدۇ بالام، بولىدۇ! ياخشى كۆڭۈلۈڭگە كۆپ رەھمەت. ئۇنداق قىلسامغۇ قوغۇن ھالۋىسىغا، لەگمەنگە ئۇستا رەھمەتلىك ئاناڭ تۇردىخاننىڭ روھى خۇش بولۇپ قالاتتى.

كىندىكئانام شۇنداق دېگىنىچە كۆزىدىن تەپچىرەپ، مەگزىدە توختاپ قالغان ياشلىرىنى سۈرتتى. سۈت ـ قايماق ۋە بىرنەچچە توقاچلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، يۇيۇپ قويغان كىيىملىرىمنى چىرايلىق قاتلاپ، بوپلاپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ چىقىپ ھارۋىسىغا سېلىپ قويدى.

مەن ھارۋىدا شۇ ئولتۇرغان پېتى ئېغىر خىياللار بۆشۈكىدە تەۋرىتىلگىنىمچە ھارۋىكەشنىڭ:

— دىر ـ ۋۇ، بالام، قوغۇنلۇقۇڭنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئاستا ئاۋايلاپ چۈشۈۋال! — دېگىنىدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك دىگگىدە چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدىم. دادام يولۇمغا قاراپ تۇرغانىكەن، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ھارۋىكەش بىلەن ئامان ـ ئېسەنلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوراشقاندىن كېيىن قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ مېنى ئۆزۈم چۇشىمەن دېگىنىمگە قويماي ئىككى قولتۇقۇمدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ يەرگە قويدى ۋە هارۋىكەشكە رەھمەت ئېيتتى. هارۋىكەش دادامدىن بىر كاپام ناسۋال سوراپ ئۇنى ئاستىنقى كالپۇكىغا كاپ ئەتتى ـ دە، بىرپەس كالپۇكلىرىنى پۇۋلەپ، يالاشتۇرغان هالدا، ۋاھاپىباي ھەققىدە ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنى دادامغا دەپ بەردى ھەم بېشىنى چايقاپ قويۇپ يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

ــ ئوبدان ئويناپ كەلگەنسەن، بالام. كىندىكئاناڭ تىنچلىقمىكەن؟ ــ دەپ سورىدى دادام نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆتۈرگىنىچە.

ــ تىنچلىق ئىكەن، ساڭا سالام ئېيتتى، تاماق ئەۋەتتى. كىيىملىرىمنى يۇيۇپ بەردى. قوغۇنلۇقتا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كەلدىم.

ــ ناهايىتى قالتىس ئىش قىپسەن. قالتىس مېھرىبان ئايالدە ئۇ. ھە، ئاداشلىرىڭنى كۆرگەنسەن؟ ئۇلارچۇ؟ تىنچ تۇرغاندۇ؟ سېنى راسا سېغىنغاندۇ ھەرقاچان.

ــ سېغىنمايچۇ، ئۆيلىرىگە ئاپىرىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. سېنىڭدىن ئەنسىرەپ يېنىپ كەلدىم. ئۇلارنىمۇ چىلگە يەپ كېتىشكە چاقىرىپ قويدۇم. ئەتە كېلىمىز دەپ قالدى.

ــ تولا ياخشى بوپتۇ، تولا ياخشى بوپتۇ، بالام.

دادام چۆپلەرنىڭ ئاستىغا تىقىپ، سوغۇق ساقلاپ قويغان چىلگىدىن بىرنى تىلدى.

ــ قېنى، يە! چىلگە بۇرنۇڭغا پۇراپ كەتكەندۇ تايىنلىق، ــ دېگىنىچە مەن ئالغاچ كەلگەن تاماقنى يېيىشكە تۇتۇندى. دادام تاماق يېگەچ:

— يەنە نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى.

مەن دادامغا تۈگمەنچى دەپ بەرگەن گەپلەرنى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنى، ئولتۇرغان ئۆيىمىزنى، ئۇنىڭدىكى ئوچاق، كۆكتات ئورىسى ۋە قۇدۇق بېشى، يار بويلىرىنى كۆرۈپ چىققانلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. دادام ئېغىر ئۇھ تارتقان هالدا بېشىمنى سىيپاپ قويدى. ئۇ كالپۇكىنى چىڭگىدە يىمىرگىنىچە بېشىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن لىڭشىتىپ، بىرپەس جىمىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن:

— يور بالام! قوغۇنلۇقنى ئارىلاپ چىقايلى. سالقىن چۈشكەندە قوغۇنلۇقنى ئارىلاش كۆڭۈللۈك بولىدىغۇ!

مەن دادامنىڭ ئالدىدا تايچاقتەك ئويناقلىغانچە ماڭدىم. بىز چۆنەكتىن ـ چۆنەككە ئۆتۈپ پىشقان چىللىگە، يېتىلىۋاتقان قوغۇنلارنى تاماشا قىلىشتۇق. ۋاهاپبايىنىڭ ئۆيىدىكى كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشلەر كۆڭلۈمدىن بۇلۇت سۈرۈلگەندەك كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. مەئىشەتلىك داستىخانغا ئوخشاش قوغۇنلۇق قەلبىمگە كۆچكەندەك ئاجايىپ تاتلىق، شېرىن تۇيغۇلارغا چۆممەكتە ئىدىم!

— خۇدا بۇيرۇسا ئوغلۇم، — دېدى دادام قوغۇنلۇقنى ئارىلاپ بولۇپ كەينىمىزگە قايتقاچ، — بۇ يىل قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىمىزنىڭ خەمەكلىشى يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ. هېلىتىنلا ساينىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكىنىنى كۆرگەنسەن؟ بۇ يىل بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان ئوخشايمىز. ئەتىياز ئالىپاساق قاردىن تارتىپلا بوزيەر ئېچىپ قوغۇن ـ تاۋۇز تەرگەنىدۇق. بۇ بوزلۇق يەر ئەقىدە — ئەجرىمىزنى بەرىكەتكە ئورايدىغان ئوخشايدۇ. يەر ئىگىسى بايمۇ ئوبدان ئادەملەرئىكەن. ئۇ ۋاهاپبايدەك ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى ئەمەستەك قىلىدۇ. ئوتتۇز ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىرىق خولۇق يەرنىڭ باشقۇرۇشىنى بىزگە ئۆتكۈزۈپلا بەردى. بۇغداي ـ قوناقلىرىمىزنىڭمۇ كۆكى يامان ئەمەس. كېلەر يىلى تۆت ـ بەش خو (قىرىق ـ ئەللىك مو) يېرىگە بېدە تېرىۋەتسەك، ئۈچ ـ تۆت يىلغىچە بۇنچىۋالا يەرنى ئاق قويمايلا كۆكەرتسەك قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي بولۇپ غوجايىنلارغىمۇ، بىزگىمۇ بولىدۇ دېگىنە! بۇ قوغۇن ـ تاۋۇزلاردىن بىرنەچچە هارۋا سېتىپ ساڭا بىرنەچچە قۇر كىيىم ـ كېچەك قىلىپ بېرىمەن. يۇسۇپجان تاغاڭ بىلەن پاشاخان ئاپاڭلار بۇ يەرگە چىقىپ كۈزگىچە تۇرىدۇ. مېهراي قىز بىلەن نۇرمۇهەممەت دېگەن ئەللەيىنىمۇ ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار بىلەن ئوينايسەن. يالغۇزلۇق تارتمايسەن. قوغۇنلۇقىمىز راسا ئاۋات بولىدۇ دېگىنە. كۈزدە يىغىم ـ تېرىم سەرەمجانلاشقاندا ساڭا راسا قاملاشقان چىرايلىق تايدىن بىرنى ئېلىپ بېرىمەن. ئۇنىڭغا مىندۈرۈپ قويسام سايدىن سۇغىرىپ چىقىسەن. چۆپلەرنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئەكېلىپ بېرىپ باقىسەن. تايمۇ، سەنمۇ چوڭ بولىسەن. ئۇ چاغدا كۈز كۈنلىرى قايناپ كېتىدىغان ئوغلاق تارتىشلارنىڭ كەينىدىن توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ پىيادە يۈگۈرۈپ يۈرمەيسەن. بەلكىم سەنمۇ ئوغلاقچى بولۇپ كېتەمسەن تېخى. بۇ يىل كۈزدە ئالدى بىلەن خەتنە تويۇڭنى راسا بىر ئوبدان ئۆتكۈزۈۋالسام بولاتتى. يۇرتقا ئوبدان بىر قازان ئېسىپ، ئوغلاقچىلارغا يوغان ئوغلاقتىن بىرنى تاشلاپ بېرىمىز. بۇ چاغدا، سىرتتىن كەلگەن ئوغلاقچىلارمۇ ئوغلاقنى ئەكېتەلمەي سۆرىتىپ تارتىپ، ئاتلىرىدىن ئۆكتۈرۈلۈپ ئۇلاڭ ـ قۇشقۇن، كەمەلدۈرۈكلىرى ئۈزۈلۈپ، چىدىمىغاندا ئوغلاقنىڭ قارنىنى يېرىپ پارچە ـ پارچە قىلىپ هەر تەرەپكە ئەپقاچامدۇ تېخى. ئېشقىلىپ،

تويۇڭنى ئەلنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك، ئۇنتۇلمىغۇدەك بىر قىزىقچىلىقلار ئىچىدە ئۆتكۈزۈش نىيىتىم بار، بالام!

دادام بۈگۈن ئىچ - قارنىدىكى بارلىق شېرىن ئوي - پىكىرلىرىنى، ناۋاتتەك گەپلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. مەن بەزەن چاغدا، مېنىڭ دادام ئارىلاپ - ئارىلاپ قىزىق، كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىپ تاشلىمىغىنىدا، پەقەت كەتمەنلا چاپىدىغان، جىم ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدىغان ئادەم ئوخشايدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قالاتتىم. دادامنىڭ قورسىقىدا جىق پىلانلار، كۆڭلىدە ئاجايىپ تىلەكلەر بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟! دادام ئېيتقان ۋە ئويلىغاندەك ئىشلار بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟! بىزمۇ قىش كۈنلىرى ئوچاققا كۆتۈچەكلا قالاپ ئولتۇرماي مەش قويۇپ كۆمۈر قالىساق، زاغرا يېمەي ئاق نان يېسەك، ئۇماچ ئىچمەي لەڭمەن - پولۇلارنى يېسەك ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىش بولغان بولاتتى. دادامنىڭ بۇ يىل كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان ئوخشايمىز دېگەنلىرى، شۇ ئىشلار بولسا كېرەك.

مەن خۇشاللىقتىن كىپىنەكتەك پىرقىراپ، توشقاندەك سەكرەپ دادامنىڭ بوينىغا ئېسىلدىم. كىرپىنىڭ تىكىنىدەك يىرىك ساقاللار قاپلىغان ياڭاقلىرىدىن سۆيدۈم. كۆڭلۈم ئاجايىپ يورۇپ، ھېيت - بايرام شادلىقىغا چۆمگەنىدىم. شۇ تۇرقىدا ماڭا قوغۇنلۇقلا ئەمەس پۈتۈن جاھان تار كەلگەندەك، ئاددىي تىللار بىلەن ئېيتىپ بېرەلمىگۈدەك بىر خۇرسەنچىلىككە بۆلەنگەنىدىم. يەنى، ئۇن خولۇق (يۈز مو) يەردىكى يازلىق، كۈزلۈك تاۋۇز - قوغۇن بولىمەنلا دەپ تۇرغان كۆكى ۋە خەمەكلىرى بىلەن كەچقۇرۇنىڭ ئوتقاچتەك شەپەقلىرىدە كۆز يەتكۈسىز بىر يېشىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



كۆلدەك يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كۆڭلۈم خۇشلۇقى مەۋج ئۇرماقتا ئىدى.

بىز ئاشۇنداق كۆڭۈللۈك ھەم شېرىن ئارزۇ - ئارمانلار ئىلكىدە كەپە - باراڭلىرىمىزغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى سەزمەيلا قاپتۇق. باراڭ ئەتراپىدىكى گۈللەر شەپەق نۇرىدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ، دادام دائىم تەرىپىنى قىلىدىغان جەننەتنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بولۇپمۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن قىزىل، سېرىق، ئاق نامازشام گۈللىرى بۆلەكچىلا تاۋلىنىپ ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچاتتى. ھەرە - كېپىنەكلەر ئادەمنى سېھىرلەپ قويغۇدەك بۇ گۈلشەندىن بىزنى قانغۇچە پەيزى قىلىۋالسۇن دېگەندەك نەلەرگىدۇر غايىب بولۇشقانىدى. مەن نامازشام گۈللىرى بوي تارتىپ بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئېچىلىپ گۈلىستان ھاسىل قىلغان: مىزەگۈل، ئۇرۇسگۈل، قوغۇنگۈل، پىل - پىل گۈل، سېرىق سەبدەگۈل، قىزىل، ھال، ئاق، قارا رەڭلىك ھەر خىل لەيلىگۈللەر، خىنەگۈل، ھەشقىپىچەك، جاڭجۇڭگۈل، جۇخارگۈل ۋە باشقا گۈللەرگە ئىنتايىن زوقمەنلىك بىلەن تەكشى قاراپ چىقتىم. دادام گۈللەرنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندا ئېرىنمەي ئايرىم - ئايرىم خالتىلارغا بەلگە قىلىپ ئېلىپ ساقلايتتى. ئەتىيازدا قوغۇن - تاۋۇزغا چۈنەك ئالماي ۋە ئۇرۇق سالماي تۇرۇپ ئالدى بىلەن كەپە ئالدى ۋە خاس چۆمۈچ قاپاق باراڭنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئىككى قۇر ئايلاندۇرۇپ چۈنەك ئېلىپ گۈللەرنى، چۆمۈچ قاپاقلارنى خىل - خىلى، رەت - رېتى بىلەن تېرىۋېتەتتى. جاپاكەش، كۆڭلى باھار دادام: «گۈل بارنىڭ يوق قوغۇنلۇقنى قوغۇنلۇق دېگىلى بولامدۇ» دەيتتى. ئۇ ئادەتتە ئاياللار قىلىدىغان نەپىس، زىل،

نازۇك ئىشنى ئۆزى ئىشتىياق بىلەن قىلاتتى. ئىخلاس بىلەن چۆپنى ئوتاپ، پات ـ پات سۇيىنى قۇيۇپ، تۇۋىنى يۇمشىتاتتى. گۈللەر غۇنچىلاشقا باشلىغاندا، خۇددى بوۋاقلارنىڭ ياڭىقىنى كۆتۈرۈپ ئەركىلەتكەندەك غۇنچىلارنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئەركىلەتكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ قالاتتىم ۋە: «دادا، كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن» دەپ كۈلۈپ كېتەتتىم. «بالام، گۈل دېگەنچۇ ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچقاندىن باشقا بەدەندىكى بەزى كېسەللەرنىمۇ نېرى قىلىدۇ. نېمىشقا دېسەڭ گۈل بارغۇ بالام، نەق جەننەتتىن چىققان نەرسە. گۈل ئۆستۈرۈشمۇ قوغۇن تېرىغاندەك ئۇلۇغ ۋە ساۋابلىق ئىش. بۇنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلى يايراپ ساڭا ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن: ‹پەيزىڭىز بار ئادەم جۇمۇ سىز، قولۇڭلىرىڭىز دەرد كۆرمىسۇن، ئاكا› دېگەندەك سۆيۈنۈشلىرىنى ئېيتىدۇ. چوڭلار بولسا: ‹ئاللا، ساڭا مۇشۇ گۈللۈكتەك جەننەتلەرنى ئاتا قىلغاي› دەپ دۇئا قىلىدۇ» دەيتتى دادام.

مەن گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ، دادامنى خەقنىڭ: «قولى گۈل، كۆڭلى دەريادەك ئادەم» دېيىشلىرى تامامەن ھەق، ئادىل باھا، ئالقىشلار ئىكەنلىكىدىن سۆيۈندۈم. گۈلنىڭ گۈل بولۇپ ئېچىلغۇچە بولغان بارلىق جەريانلىرىنى يۇقىرىقىدەك ئالتۇن ھالقىلارنى بىر ـ بىرگە چاتقاندەك بىرمۇبىر خىيالەن كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، شۇنداقلا يەنە توق قىزىل رەڭلەر ئىچىدە پېتىۋاتقان قۇياشقىمۇ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلدىم. ئۇنىڭ ئۇچار گىلەمدەك سەلتەنەتلىك باغرىدا ئالەمنى كەزگەندەك بولۇۋاتاتتىم.

غەرب ئۇپۇقىدا، تاغلار بېشىدا، قان رەڭلىك شەپەقلەر

ئىچىدە قۇياش پېتىپ كېتىشكە قىيمايۋاتقاندەك، بىزنىڭ گۈل - باراڭلىرىمىزنى، پايانسىز قوغۇنلۇقىمىزنى بىز بىلەن بىللە يەنە بىردەم سەيلە قىلغۇسى باردەك، ئەمما ئامالسىز بىزگە قاراپ قىزىل - سېرىق تاۋار ياغلىقلىرىنى «خوش - خوش» دەپ سىلكىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— بالام، نېمىگە شۇنچىلا داڭ قېتىپ قالدىڭ؟ كەل، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتمەستە قورساقنى ئەستەرلىۋالايلى، — دېدى دادام كەپىنىڭ ئالدىدىكى باراڭ ئاستىغا ئادەتتىكىدەك داستىخان راسلاپ. مەن چاي ئىچكەچ قۇياشنىڭ پېتىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتىكى ھالىتىنى تاماشا قىلغىنىمنى ۋە بۇ مەنزىرىلەر ھەققىدىكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن قۇياشنىڭ ئولتۇرۇپ كېتىشكە قىيمايۋاتقانلىقىدەك تەسىراتىمنى دادامغا سۆزلەپ بەردىم. دادام ئادىتى بويىچە ماڭلىيىمغا سۆيۈپ، بېشىمنى سىلاپ قويۇپ مۇنداق دېدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇ ياكى ئەمەستۇ، ئەمما ئۇمۇ تاكى غىلىپىدىن چىققاندىن تارتىپ پۈتۈن زېمىندىكى جانلىق، زىرائەت، باراڭ، تاغ - ئورمان، دەريا - كۆللەرگىچە نۇر ۋە ئىللىقلىق بېرىپ، شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكۈچە ھارغان بولۇشى مۇمكىن. قۇياش دېگەنچۇ بالام، — دېدى دادام كەسكىن تەلەپپۇزدا، — تىرىكلىكنىڭ، ھاياتلىقنىڭ كۆيۈمچان، مېھرىبان ئەڭ سۆيۈملۈك ئانىسى. تەبىئەتنىڭ كۆزى دېگىنە.

— كۈن پېتىپ كەتكەندىن كېيىن چەكسىز ئاسماندا نېمىلەر پەيدا بولىدۇ؟ بىلەمسەن؟ — دېدى دادام بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

— ئەلۋەتتە ئاي ۋە يۇلتۇزلار پەيدا بولىدۇ ـ دە، — دېدىم كۆزلىرىمنى چىمچىقلاتقىنىمچە.

— ھەببەللى، قۇياش ئاشۇ چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، ئاينى بولسا ئاشۇ چىراغلارنى ئۆچۈپ قالماسلىققا مەسئۇل قىلىپ قويۇپ، خاتىرجەم ئۆزى ئۇيقۇغا كېتىدۇ، — دادام بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە، — ئىشقىلىپ بالام، بىز بەندىلەر ھەرنېمە دەيمىز، تەبىئەتنىڭ ئۆز قۇدرىتى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرى دېگىنە، — دېدى.

مەن بۇ گەپلەر راست شۇنداقمىدۇ ياكى دادام قىزىقچىلىق قىلىپ قىلىۋاتامدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتىمەن، بېشىم مەڭدەپ كەتتى. كۆزۈمنى پاللىدە ئېچىپ دادامغا قارىدىم. دادام:

— ھە بالام، سەنمۇ ھېرىپسەن ـ دە، سېنىڭمۇ كۆزلىرىڭگە ئۇيقۇ يوشۇرۇن پەردە ياپقىلى تۇرۇپتۇ... ھەي جېنىم بالام، جېنىم ساقام، — دېگىنىچە مېنى كۆتۈرۈپ كەپىگە ئەكىرىپ بۇكلۇككە ياتقۇزۇۋاتقانلىقىنى چۈشۈمدىكىدەك غۇۋا بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ئۇيقۇغا كەتتىم.

كىچە كۆرگەن چۈشۈم شۇنچىلىك نۇرغۇن، توۋا! ئويغاق چېغىدا نېمىنى كۆرسە، نېمىنى ئويلىسا، چۈشىدە شۇنى كۆرىدىكەن. چۈش دېگەن خىيالنىڭ داۋامى دېگەن گەپلەر راست ئوخشايدۇ. چۈشۈمدە دادام سۆزلەپ بەرگەن خەتنە تويۇم بولۇۋاتقۇدەك دېگۈدەكمەن. تويغا كەلگەن ئاتلىق، پىيادە ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن ھويلىمىز، كوچىمىز ئادەم يول تېپىپ ماڭغۇسىز لا بولۇپ كېتىپتۇدەك. قولۇم ـ قوشنىلار، يۇسۇپجان تاغام، پاشاخان ھەدەم، ھەر يىلقى قوغۇنلۇقىمىزنىڭ دائىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com


مېھمانلىرى تەرەپ - تەرەپتىن تويۇمنى مۇبارەكلەپ كېلىپ ماڭا پۇللارنى تۇتقۇزۇۋاتقۇدەك. مەن پۇللارنىڭ تولىلىقىدىن يىغىشتۇرالمايلا قېلىۋاتقۇدەكمەن. بىر كەمدە دادام ئېلىپ بەرگەن تاي ئويناقلاپ تۇرغان ئارغىماققا ئايلىنىپ قاپتۇدەك، ئۇنىڭ يالى - قۇيرۇقلىرىغا ئۇكە تاقىلىپ بەيگىگە چۈشىدىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇدەك. كۈمۈش ئېگەر - توقۇم، جەز قۇيدۇرۇلغان قوشقۇن، كەمەلدۇرۇكلەر ئۆرۈمە ۋە شالدۇرۇقلۇق نوختا - يۈگەنلەر ئۇنىڭغا بەكلا ياراشقان بولۇپ، ھەممىنىڭ كۆزى ئارغىمىقىمدىلا بولۇۋاتقۇدەك. مەن پۇزۇر كىيىنگەن بولۇپ، ئات ئۈستىدە شاھزادىدەك مەغرۇر گىدىيىپ ئولتۇرغۇدەكمەن. مەھەللىمىزدە دائىم مېنى ئاتلىرىنىڭ توپا - چاڭلىرىدا قالدۇرۇپ كېتىدىغان بايلارنىڭ بالىلىرىدىنمۇ ھەيۋەت تۇرغۇدەكمەن. ئارغىمىقىم بولسا تىزگىن سىيرىپ، چاپچىپ چاپىمەنلا دەپ يۇلقۇنۇپ تۇرغۇدەك. بىر كەمدە ئوغلاق تارتىش باشلىنىپ كېتىپتۇدەك. مەھەللىمىزنىڭ ئاتالغان ئوغلاقچىسى ئىسرايىلكام (باشقىلار ئىسرايىل پاكا دەپ چاقىرىشىدۇ) ئۆزۈن بويۇن، ئۆزۈن بەل، ئۆزۈن ئاياغ قارا ئېتىغا مىنىپ، ئوغلاقنى ئوڭ تېقىمىغا چىڭ بېسىپ، قامچىسىنى ئاغزىغا چىشلىگىنىچە چېپىپ كېتىۋاتقۇدەك. ئوغلى ئايۇپنىڭ دۇپدوغىلاق سارا ئاتقا مىنىپ، دادىسىغا ماسلىشىشى ئارقىسىدا ھەرقاچانقىدەك توپتىن ھە دېگەندە ئوغلاقنى يۇلۇپ چىقىپتۇدەك. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئۆرۈلۈپ ئارغىمىقىمغا ئېگە بولالماي ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن. توپتىن خېلىلا ئۆزىغاندا ئىسرايىلكام ئادىتى بويىچە ئوغلاقنى ئوغلى ئايۇپقا ئۆتكۈزۈپ

بېرىنىۋاتقۇدەك. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھە دەپ ئوغلاقىقا قول ئۇزىتىۋاتقۇدەكمەن. تۇۋا، چۈش دېگەن بىر ساراڭنىڭ ئىشى ئىكەن ـ دە! ئوغلاقنى تۇتۇپتىن تارتىپ چىققان كىشىنى دادام دېگۈدەكمەن. دادام: «ئال ئوغلۇم، ئۇدۇل مەھەللىگە ئەپقاچ!» دەۋاتقۇدەك. يوغانىمغۇ ئوغلاقكەن. ئوغلاقنى ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، ئىككى تىزىمنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ، شامالدەك تېز چېپىپ كېتىپتۇدەكمەن. ئوغلاقنى يۈزبېگى ساۋۇتكامنىڭ ئۆيىگە تاشلايمۇ ياكى ئۇ قاتتىكى مېھمان دوست چوڭئاخۇنكامنىڭ ئۆيىگە تاشلايمۇ ياكى يىگىتبېشىنىڭ ئۆيىگىلا تاشلاپ ئادىتىمىز بويىچە ياشلار بىلەن كېچىچە مەشرەپ قىلمايمىزمۇ دېگۈدەكمەن. شۇنداق قىلىپ مەھەللىگە كىرىپمۇ قاپتىمەن. ئاغىنىلىرىمدىن ئابدۇرېھىم، تۇرسۇن، مۇھەممەت سېيىت، تىلىۋالدى، نىيازلار يۈرۈشكۈدەك. ئۇلار ماڭا: «يارايسەن! يارايسەن!» دەپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقۇدەك. بىر چاغدا قارىسام ئاق بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە يۈرگۈدەكمەن. بايىقى باللار يەردە چۇمۇلىدەك كۆرۈنۈۋاتقۇدەك. مەھەللىمىز ئاسمىنىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتىمەن. مەھەللەمنىڭ قويىندا يۈرۈپ «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك گۈزەللىكلىرىگە ئانچە زەڭ قويماپتىكەنمەن. پاھ، مەھەللىمىز ئوتتۇرىسىدىكى توقايلىق ۋە توقايلىقنى يىلانباغرى ئارىلاپ كۆمۈش لېنتىدەك يالتىراپ شوخ دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ نېمىدېگەن جەلپكار، نېمىدېگەن چىرايلىق! «ئۆيىمىز نەدىدۇر؟» دەپ بۆكى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ھە دەپ سىنچىلاپ قارىغۇدەكمەن. بىر يارنىڭ بويىغا يېقىنلا يەردە بولىدىغانغۇ؟! ئەنە، ئەنە، ئېقىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان زومرەتتەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈزۈك كۆل! ئەنە، يار بويى، ئەنە بىز سايىسىدا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىدىغان مۆكىمۆكىلەڭ ئويناشقاندەك قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن سۇ ئاستىغا ئاقار يۇلتۇزدەك شۇڭغۇيدىغان چۈمگەكلەر؛ توپ ـ توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىجان ـ بېلىقلار؛ ئۇلارغا ھاۋادا قانات قېقىپ تۇرۇپ نىشانلاپ ئۆزىنى ئاتىدىغان بېلىقئالغۇچلار. دادامۇ كۆپىنچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇپ باغلىق ئېشىدىغان، سۈپۈرگە، ئارا ـ گۈرجەك ياسايدىغان، بەزىدە ماڭا ۋە ئاداشلىرىمغا كونا ئۆتۈكلەرنىڭ قونچىدىن پۈرۈم ـ چورۇق ــ چىرايلىق قىلىپ ئېيتقاندا، سەندەلسىمان كەشلەرنى تىكىپ بېرىدىغان، شالاڭ، سايىلىق جىق ئىشلارنىڭ شاھىتى قەدىناس قارىياغاچ! ئەنە ـ ئەنە، ۋاي ـ ۋۇي! قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، بىر تۇرۇپ يوغان قارا بۇلۇتنىڭ سۈغا چۈشكەن قارا كۆلەڭگىسى دېگۈدەكمەن. بىر تۇرۇپ يوغاندىن يوغان قارا ئىت، ياق ـ ياق، قارا دىۋە، يالماۋۇز دېگۈدەكمەن. ئۇ كىچىك، ئوماق چۈمگەكلەرنى، قورساقلىرى كۈمۈشتەك يالتىراق ئۇششاق بېلىقلارنى بىر ياقتىن سۈر ـ توقاي قىلسا، بىر چەتتىن قاينام ھاسىل قىلغىنىچە ھەممىسىنى بىراقلا دەم تارتىۋاتقۇدەك. ئەنە ـ ئەنە، ئۇلار ھېچبىر قارشىلىقسىز، ئامالسىز ھالەتتە قارا مەخلۇقنىڭ قاراڭغۇ قورسىقىغا غۇرقىراپ كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇلارنى كۆرۈپ تىت ـ تىت بولۇپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، ئەرشتە بىر مويسىپىت ئاقساقال، بىر تۇرۇپ پەرىشتە دېگۈدەكمەن. ياق، ياق تونۇپ يەتتىمكى، دادام كېچىلىرى مېنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئېيتىپ بېرىدىغان «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى ئارغىماق ئاتلىق، مىسران

قىلىچلىق چىن تۆمۈر باتۇرمىش. ئۇ ماڭا ياندىپ كېلىپ: «يول بولسۇن يىگىت، ئارغىمىقىڭ مېنىڭ ئارغىمىقىمغا زەپمۇ پار ئىكەن، قاملاشقانىكەن، ئۆزۈڭمۇ ھېلىتىنلا ماڭا ئوخشاپ قېلىۋېتىپسەن!» دەۋاتقۇدەك.

مېنىڭ كۆزۈم تۆۋەندە بولۇۋاتقان ئالامەتلەردە بولۇپ بىئاراملىشىپ كەتسەم كېرەك، «سۆزۈمگە دىققەت قىل بالام، بىلىمەن، يەر يۈزىدە بولۇۋاتقان ياۋۇزلۇقلارغا چىداپ تۇرالمايۋاتىسەن. مانا، بۇنى مەن ئوغۇل بالىغا خاس جىگەر، ئادەم بالىسىغا نىسبەتەن ھەققانىيەت تۇيغۇسى دەپ ھېسابلايمەن. مەن سەندەك جىگەرلىك ئەزىمەتلەرنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن ۋە قوللايمەن! سەن يەر يۈزىدە ئىدىڭ، ئەمدى ئارغىمىقىڭ بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلىپسەن! ئەمدى سۇدىمۇ زۇلمەتكە قارشى جەڭ قىلالايدىغان جاسارەت ۋە ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشۈڭ كېرەك. مانا، ماۋۇ يالماۋۇز كەمپىرنى يوقاتقان مىسران قىلىچىمنى ساڭا بېرەي، سەن سۇدىكى تىرىك جانلارنىڭ كۆشەندىسى ياۋۇز مەخلۇقنى جېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئاشۇ جانلىقلارغا نىجاتلىق، ھۆرلۈك ئاتا قىل!» دەۋاتقۇدەك.

مەن ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن: «خوپ» دېگىنىمچە باتۇرنىڭ قولىدىن مىسران قىلىچنى ئېلىپ ئارغىمىقىم بىلەن پەسكە شۇڭغۇپ يالماۋۇزغا ئۈزمەي قىلىچ ئۇرۇۋاتقۇدەكمەن. ئارغىمىقىم ئىككى پۇتلاپ تېپىپتىمىش، چاپچىپتىمىش، چىشلەپتىمىش. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئېلىشقاندىن كېيىن سۇمۇ قىپقىزىل قانغا ئايلىنىپتۇمىش. يالماۋۇز بولالماي بۇلدۇقلىغان قاينام ھاسىل قىلغىنىچە سۇغا غەرق بولۇپ چۆكۈپ كەتكەنمىش. بۇ چاغدا ئەرشتە تۇرۇپ چىن تۆمۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتكىسى
www.uyghurkitap.com



باتۇرنىڭ: «يارايسەن، ياشاپ كەت! ئاتاڭغا رەھمەت!» دەپ تۇۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتىمەنمىش. مەنمۇ بۇ چاغدا قاتتىق ھاياجانلىنىپ: «دادا! يالماۋۇزنى يوقاتتىم» دەپ ئۈنۈمنىڭ بارىچە ۋارقىراپتىمەنمىش. ئاۋازىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دادامنىڭ تەكرار - تەكرار مېنى يېنىك ئىرغىتىپ: «ھەي بالام، ھەي بالام، كۆزۈڭنى ئاچ، نېمە بولدۇڭ؟ ھەي، سېنى مۇشۇنداق تولا قارا باسىدىغان بولۇپ قالغىنىزە... يۈرىكىمنى ئالىدىغان بولدۇڭغۇ، مانا مەن يېنىڭدا، كۆزۈڭنى ئاچ، ئاچ كۆزۈڭنى ئوغلۇم» دەپ زارلىنىشلىرى ئىچىدە ناھايىتى تەستە كۆزۈمنى ئاچتىم. چىلىق - چىلىق تەرلەپ كېتىپتىمەن.

— ھە، يەنە قارا بېسىپتۇ - دە، سېنى، — دېدى دادام پۈچىلانغان ھېسسىياتتا.

— ياق، قارا باسمىدى دادا. كۆرگەن چۈشۈم شۇنداق جىق. سەن قىلماقچى بولغان تويۇمنى ئويلىغان، ئاندىن، ئاندىن... ھە، تېيىم ئارغىماققا ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقتىم. چىن تۆمۈر باتۇرغا يولۇقتۇم دېگىنە. ئۇ ماڭا مىسران قىلىچىنى بېرىپ، ياۋۇزلارنى يوقات دېدى. مەن ياۋۇزلارنى يوقاتتىم. بايا شۇنداق دەپ ۋارقىرىدىمغۇ، ئاڭلىغانسەن!؟

— بالام، — دېدى دادام پېشانەمدىن سۆيۈپ، — چۈشۈڭ چۈش بولسۇن، يوسۇپ ئەلەيھىسسالام يار بولسۇن! — دادام دۇئا بىلەن مېنى باغرىغا چىڭ باستى! سىرتتا بولسا باراڭلارنى غاچىلداتقىنىچە كۈچلۈك بوران چىقىۋاتقانىدى. دادام ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تىمىسقىلاپ يۈرۈپ جىنچىراغنى بىرنەچچە قېتىم ياققان بولسىمۇ ھېلىدىن - ھېلىغا قانداقتۇر يوچۇقلاردىن

كىرىۋاتقان شامالنىڭ كاشىلىسى بىلەن ئۆچۈپ قىلىۋاتاتتى. كېچىنىڭ قايسى مەزگىللىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.
تونىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ھاۋا ئوچۇق بولغان بولسا دادام ئاسمانغا قاراپلا: «ئۈكەر يانپاشقا ئۆتۈپ قاپتۇ» ياكى «چولپان تۇغۇپتۇ، سەلدىن كېيىن سۈبھى كۆتۈرۈلىدۇ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى يېقىنلاپ قاپتۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىۋېرەتتى. بىراق، دادامنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ تۇرقىدا تالانىڭ ئەپتى بەك يامان ئىكەن. ئاخشام مەن ئۇيقۇغا كېتىپ بىر ئازدىن كېيىنلا باشلانغان بوران بىردەممۇ پەسەيمەپتۇ. دادام كېچىدە كەپىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن باراڭ بىلەن گۈل باراڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە بوران ئۇرۇۋەتمىسۇن دەپ تىرەكلەرنى قويۇپتۇ. ھەي، بىچارە دادام ئەمدى مەن بىلەن ھەپىلىشىۋاتىدۇ. گەرچە ھەرىكىتىنى قاراڭغۇدا كۆرمىسەممۇ كۆڭۈل كۆزۈم بىلەن ئېنىق كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتىم. تەرلىرىمنى دەممۇ - دەم سۈرتۈپ قۇرۇتقانمۇ بولدى. ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈزدى. قاراڭغۇدا بىر چىلگىنى چىقىپ، قوشۇق بىلەن ئويۇپ ئاغزىمغا سالدى. سىرتتا بوراننىڭ دەھشىتى، سۈرلۈك ھۇۋلىغاندەك ئاۋازلىرى سەل پەسەيگەندەك قىلاتتى. بوراننىڭ ئورنىنى قارا يامغۇرنىڭ ۋە گۈلدۈرماما - چاقماقلارنىڭ ئاۋازى ئىگىلىگىلى تۇردى. دادام: «ھەي» دەپ غۇدۇرايتتى. «بۇ تازىمۇ ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئىپلاس كېچە بولدى - دە، بوران پۈتۈن پىلەكلەرنى غۇژمەكلەشتۈرۈپ، خەمەكلەرنى ئۈزۈپ پىلەكسىز قىلىۋەتتى - دە، ئەستاغپۇرۇللا، ئىستت ئەمگەك - ئەقىدىلىرىم. «ھەي...» دېگىنىچە جىلە بولۇۋاتاتتى. بەلكىم ساقلىنىمۇ نەچچە غىجىملىدى بولغاي...

— ۋوي، — دەپ قالدى دادام، — بولمىدى، كەپتەرنىڭ يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى. تۇر بالام، كىيىنگىن. قورقماي، روجەكتىن سىرتقا قاراپ تۇرغىن. مەن ئۆگزىگە بىر ئاز توپا تاشلاي، — دېدى — دە، كەتمەننى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. كەپتەرنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىن ئۆگزىگە ھە دەپ توپا تاشلاشقا باشلىدى. توپا ھەربىر قېتىم «گۈپ — گۈپ» قىلىپ چۈشكەندە، كەپە «غىرس — غىرس» قىلىپ لىڭشىيتتى. كەپە ئالدىدىكى ئۈزۈن باراڭ، قوغۇن چۆنەكلىرى سۇغا لىق تولغان بولۇپ، چېقىپ ئۆتكەن چاقماقنىڭ يورۇقىدا ئەينەكتەك «پار — پۇر» قىلىپ كۆرۈنەتتى. دادام ئېيتقاندەك راستتىنلا بىر ئاپەت بولغاندەكمۇ قىلاتتى. دادام خېلى ھەپىلەشكەندىن كېيىن پۈتۈن ئۈستىبېشى چىلىق — چىلىق ھۆل بولغان ھالدا كەپىگە قايتىپ كىردى. بوران ئاستا — ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ يامغۇرمۇ ياۋاشلاپ ئاق يېغىنغا ئايلانغاندەك قىلىۋاتاتتى. زۇلمەت قانچە بولسىمۇ، يېقىنلاپ قېلىۋاتقان تاڭ كۈنچىقىش تەرەپكە، ئاسمان گىرۋەكلىرىگە ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كارامىتىنى كۆرسىتىپ سۈتتەك ھەل بېرىپ، يەر — جاھان يورۇۋاتقاندەك سېزىلمەكتە ئىدى. دادام باراڭ ئاستى ۋە غول چۆنەكتىكى سۇلارنى كەپىنىڭ كەينىدىكى ئېرىققا چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەن بېشىمغا خېمىر يۇغۇرىدىغان تەڭلىنى كىيگىنىمچە دادامنىڭ ھەرىكىتىگە زەڭ سالغاچ پەسلەپ قېلىۋاتقان يامغۇرنىڭ بىردىنلا توختاپ، ھاۋانىڭ پاللىدە ئېچىلىپ كېتىشىنى تىلىمەكتە ئىدىم. ئاسمان جىيەكلىرىگە تەلمۈرگەن كۆزلىرىم بىردىنلا مەھەللە تەرەپكە تاشلىنىپ قالدى. كىمدۇر بىرى بېشىغا تاغارنى يامغۇرلۇق قىلىپ

ئارتىپ، بىلىنى باغلىۋالغان ھالدا ۋاھاپباينىڭ ئوغرىلار ئوغرىلاپ قاچقىنىدا، يېرىم يولدا ئوغرىنى يەرگە ئېتىۋېتىپ قېچىپ كېلىش بىلەن «ئەقىللىك ئات، يامان ئات» دېگەن داڭقى چىقىپ كەتكەن توروق ئاتنى چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— دادا، دادا، بىرى ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ، ئەنە، — دېدىم. دادام بىلىنى رۇسلاپ مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قادالدى-دە:

— ۋۇي، قاغا پوق يېمەستە ۋاھاپباينىڭ ئېتى بىلەن كېلىۋاتقان كىمدۇر بۇ؟ — دەۋەتتى. دادام پوت-قولىنى چايقاپ غول ئېرىقنىڭ يول تەرەپتىكى قىرىغا چىقىپ تۇردى. ئۇنغىچە ئاتلىق ئادەم يېتىپ كېلىپ دادامغا سالام بەردى. ئۇ مەھەللىدىكى يۇگۇر-يېتىم ئىشلارغا چاپىدىغان شوخ، كەپسىز ھۇسەي ئىسىملىك زايىت «پاكا»، پاتەم «پاڭ» دېگەنلەرنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. دادامغا ئاتتىن چۈشمەيلا سالام قىلغاندىن كېيىن ئاستىدىكى ئاتنى كۆرسىتىپ ئاتنىڭ ئىگىسى ۋاھاپباينى ئىما-ئىشارەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەندىن كېيىن، «گارت-گۇرت» قىلىپ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى تاتىلاپ، ئاندىن ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ ئۇڭ قولاق تەرىپىگە قويۇپ ۋاھاپباينىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئانىسى پاتەمخانغا دائىم شەرەت بىلەن مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆگىنىپ كەتكەن بۇ ھۇسەيكام ۋاھاپباينىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بەكلا كومېدىيەلىك قىلىپ ئىزھارلىغانىدى. دادام:

— ھەي شېتىلە، مەقسەتلىرىڭنى ئۇقتۇم. قېنى، ئۇچۇق دېگىنە! نېمە ئىشلار بولدى؟

ھۇسەيكام بىرپەس كۈلگىنىچە ئىما-ئىشارەت ئارقىلىق:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— بۇگۈن تۈن نىسپىدە ۋاھاپباي جان تەسلىم قىلدى. يامغۇر سەل پەسەيگەندىن كېيىن بىر نەچچەيلەن يۇرت - يۇرتلارغا نامازغا ئېيتىپ كەتتى. مەن قارايەر، ھاجى مەھەللە ۋە جىلاخۇن، ئوسمان بايلارنىڭ جاڭزىسىدىكىلەرنى نامازغا ئېيتىپ مېڭىشىم. يولۇمدا سىزنىمۇ ئېيتىپ قويغىنىم. ناماز پېشىندىن چىقىپ ئوقۇلماقچى،— دېگەنلەرنى ئۇقتۇردى - دە، كۆزىنى ھەييارلىق بىلەن قىسىپ قويۇپ، بېشىنى ماڭار يولى تەرەپكە تاشلاپ «مەن كەتتىم» دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇپ ئىلدام يۈرۈپ كەتتى.

دادام نېمىلەرنىدۇر چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا كەپە ئالدىغا كەلدى.

— نېمە ئىش دادا؟ نېمە بوپتۇ؟ ھۇسەيكام نېمىلەرنى دەيدۇ؟— دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇپلىۋەتتىم ئەھۋالنىڭ يەنىمۇ تەكتىنى بىلىش مەقسىتىدە. دادام:

— ھەي بالام، ھەي بالام، نېمە ئىش بولاتتى، غالجىر بولۇپ قالغان ئادەم ئاخىر ئۆلۈپتۇ. ئۆلگەن ئادەمدىن يامانلاش ۋە ئارقىسىدىن گەپ قىلىش مۇسۇلمانچىلىق رىسالىسىدە ياخشىمىغۇ ئىش ئەمەس، شۇنداقتىمۇ تەكرار - تەكرار ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەتنى تىلغا ئالماي تۇرالمايدىكەن كىشى. ۋاھاپباي ناچار خۇي - پەيلى ۋە ئادەم قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرى تۈپەيلى ئۆلۈمىمۇ كېچىدىن بولۇپ ئۆتكەن مۇنۇ مالامەت ۋە قىيامەتلەر بىلەن يەكۈنلىنىپتۇ. دانىشمەنلەرنىڭ: «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگىنى بىكار گەپ ئەمەستە. بۇ ئالەمدىكى ئىشلىرىغىلا نىسبەتەن ئەھۋاللار بۇنچىلىك، بىلگۈچى ئىگىسى، گۆرىدە ئاخىرەتتە نېمىلەرنى كۆرىدۇ تېخى. نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئۆزگە ۋە بالىۋاقىسىغا

سالغان زۇلمى ئازمۇ ئۇنىڭ. دېمەك زۇلۇم، ئازاب ئىچىدە جۇدۇن ـ چاپقۇن بىلەن بارارگاھقا قارار تاپتى دېگەن گەپ، ھە قارار تاپتى، ئاسلانلىرىڭنىڭ قىساسى ئاشۇنداق قارار تاپقۇزغان گەپ.

مەن بوران، قارا يامغۇرنىڭ ۋەھىمىسى ھەم ھۆلچىلىكىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇزلاپ تىترەپ كېتىۋاتقان بولساممۇ ۋاھاپبايىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆچۈم چىققاندەك بولۇپ ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇش ئىدىم. مۇزلاش تىترەكلىرىمگە ھاياجان تىترەكلىرى قوشۇلۇپ چىشلىرىم كاسىلدىماقتا ئىدى. بۇ ھالىمنى كۆرگەن ۋە ئۆزىمۇ ھاياجانلانغان دادام مېنى بىرپەس باغرىغا باستى. بېشىمنى سىيپاپ، مەڭزىمگە مەڭزىنى يېقىپ ۋە ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ سۆزلىدى:

ـ بالام، قورسىقىمىزغا بىرنېمە يەيلى. ئاندىن، ئاندىن... ھە راست، ئاغىنىلىرىڭ بوگۇن ھۆلچىلىكتە كېلەلمەيدىغان بولدى ـ دە. يامغۇرمۇ پۇتۇنلەي توختاپ كەتمىدى. قوغۇنلۇقتا كىرگىلى بولمايدۇ. ھۆلچىلىك بولمىغان بولسا قالايمىقانلىشىپ كەتكەن پىلەكلەرنى ۋاقتىدا تارتىۋەتسەك ياخشى بولاتتى. خەيرىيەت، ئەتىگىچە شامالداپ قۇرۇپمۇ قالار. مەن ۋاھاپباينىڭ نامىزىغا بارمىسام بولماس. چۈنكى، ئەل ـ جامائەت بار ئەمەسمۇ. ماڭا ۋاھاپباي ئەمەس، ئاشۇ جامائەتىم مۇھىم. مەن ئۇ يەردە كۆرۈنمىسەم، مۆمىنئاخۇننىڭ ئاچچىقى تېخى ياناماپتۇ، شۇڭا، كەلمەپتۇ دەپ ئۇستۇمدىن ھەر خىل گەپ بولىدۇ. سېنى كەيدە يالغۇز تاشلاپ قويسام بولمايدۇ. شۇڭا، چۈشلۇك چايغا ئۇلگۇرۇپ كىندىكئاناڭلارنىڭ ئۆيىگە بارايلى ـ دە، سەن شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن،

نامازدىن يېنىپلا قايتىپ كېلىمىز. بۇ پاتقاقچىلىقتا بىرى قوغۇنلۇقنى ئارىلاپمۇ يۈرمەس.

بىز چۈشكە يېقىن كەپىمىزنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، سىم - سىم يامغۇردا مەھەللىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ۋاھاپبايىنىڭ قورۇسى ئالدىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. دادام مېنى يامغۇر تەگمىگۈدەك يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆلۈم پەتىسى قىلىشقا كىرىپ كېتىپ ھايال قالمايلا يېنىپ چىقتى.

كىندىكئانامىلارنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچىپ ئويناپ تۇردۇم. دادام تاھارەت ئېلىپ نامازغا چىقىپ كەتتى. يامغۇر بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى.

— ۋىيەي، ۋىيەي، — دەيتتى كىندىكئانام ھېلىدىن - ھېلىغا، — ۋاھاپباينى قانداقمۇ يەرلىكىگە قويار. خەققىزە قاراپ تۇرۇپلا بىر زۇلۇم بولدى - دە. خەق ئاغزىدىن چىقىرالمىغان بىلەن كۆڭلىدە مىڭنى تىللايدۇ. شۈكچۇ بالام، خۇدايىمدىن مۇنداق ئىككى نەرسىنى سورىغۇلۇقكەن: بىرى، ئاسان ئاغرىق ئاسان ئۆلۈم؛ يەنە بىرى، ئۆلگەندە ياخشى كۈنلەرنى ئاتا قىلىشنى. ھە، خەققە ئېغىرىم چۈشىدىغان، جاپايىم تېگىدىغان بۇگۈنكىدەك ئەھۋاللاردىن ساقلىغايسەن ئۇلۇغ خۇدايىم، دەپ تىلىگۈلۈككەن. مانا كۆرۈۋاتىمسەن، پاتقاقنىڭ دەستىدىن پۇتنى يۆتكىگىلى بولمايۋاتسا، يەرلىك كولىغان بىچارىلەر قانداق قىلىشقاندۇ، قارىم داداڭنىڭ ئېيتىشىچە، ياشلار تۇپراق بېشىغا چىققىلى ئۇناشماپتۇ. يەرلىكنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كولىشىپتۇدەك. نىمىشقا دەمسەن؟ ھەي بالام، بىلمەيسەن بۇ ۋاھاپباينىڭ مىجەزىنى. بەزى ئىشلارنى بارغۇ ئاشۇرۇپلىۋېتەتتى. ئۇ تونۇرغا كۆمگەن كاۋىغا تولىمۇ ئامراق ئادەم ئىدى. ھەر

قېتىم نان ياققاندا، بۇدۇشقاق، قوراي، شاخ ـ شۇمبا قاتارلىق ئوتى ئۆچۈپ چوغى ئاسان ئۆچمەيدىغان نەرسىلەردە تونۇر قىزدۇراتتى ـ دە، كەچتە بىر قېتىمدا مەرى كاۋا، بىر قېتىمدا چار كاۋا، يەنە بىر قېتىمدا يوغان تۇرپان كاۋىلىرىنى كۆمۈپ ئەتىگەنلىكى چايدا مەززە قىلىپ يەيتتى. ئەمما، بۇنى كۆرۈپ ياكى ئۇقۇپ قالغان مەھەللىنىڭ بەڭباش ياشلىرى ۋاھاپباي پىشقان كاۋىلىرىنى ئوغرىلاپ كېتىپ كۆپىنچە بۇ ئادەمنى داغدا قوياتتى. ئۇنداق كۈنلىرى ۋاھاپباي نەچچە كۈنگىچە كانىيىنى كېرىپ، مەھەللىنى بېشىغا كىيەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇ ئادەمگە ئەڭ يامان ئەلەم قىلغىنى، بىر كۈنى يوغان تۇرپان كاۋىسىنىڭ بۇرنىنى دۇپدۇگىلەك كېسىپ، كاۋىنىڭ ئۇرۇق ـ لەشلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا سېمىز پاقلاننىڭ گۆشىدىن پېتىر مانتىنىڭ قىيمىسىدەك قىلىپ قىيما راسلاپ تولدۇرۇپ سېلىپ يەنە بۇرنىنى ئاۋايلاپ ئېتىپ ئۆز قولى بىلەن كۆمدى. بۇنىمۇ ئوغرىلاپ كەتمىسۇن دەپ تونۇرنىڭ ئاغزىغا يوغان زەمبىلنى قويۇپ، ئۆزى ئاشۇ زەمبىلگە چۈشۈپ يېتىپ ساقلىغان. بۇنىڭ ھىدىنى ئېلىپ بىلىپ قالغان ئىككى بەڭباش يېرىم كېچىدىن ئېشىپ سەھەرگە يېقىن، يەنى كاۋا پىشىپ پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغىلى تۇرغاندا، ۋاھاپباينىڭ خورەكلىك ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ زەمبىل بىلەن تۈيدۈرماي ئاستا كۆتۈرۈپ يار بويىدىكى قارىياغاچنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ قويۇپ، كاۋىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ۋاھاپباي ئەتىسى ئويغانسا تونۇر بېشىدا ئەمەس باشقا يەردە، يەنە كېلىپ يارنىڭ گىرۋىكىدىلا ياتقۇدەك. ھېلىمۇ يارغا دومىلاپ كەتمەپتىمەن دەپ قورقۇپ كەتكەن ۋاھاپباي بولدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلماي، دەرھال كېلىپ كاۋىغا قارىغانىكەن، كاۋا يوق تۇرغۇدەك. خۇددى يوغان تورۇق ئىتنى قورۇدىن ئوغرى ئوغرىلاپ قاچقاندا، ۋاي ـ ۋايلاپ تۈن كېچىنى بېشىغا كىيگىنىدەك سەھەر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ مەھەللىنىڭ بارچە ئىتىنى ئەنسىز ھاۋشىتىۋەتكەن گەپ. ئاخىر قانداق قىلدى دېمەمسەن، مەھەللىدىكى ئون نەچچە ياشتىن گۇمانلىنىپ مەھەللە باشلىقىغا ئەرز سۇنۇپ ئۇلارنى دەررىگە باستۇرۇپ، دەرەخكە ئاسقۇزۇپ، مەھەللىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئىش قىلغانتى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ياشلار بۇ ئادەمگە ئۆچلۈك قىلىپ يۈرەتتى. بۇگۈن گۆرىنى كولاشقا چىققىلى ئۇناشماسلىقى ئاشۇ ۋەجدىن. قارا بالام، خەققە يامانلىق قىلسا، قولۇمنى، تىلىمنى قانچىلىك سوزسام، نەگە سوزسام يېتىدۇ دەپ بەكلا ئاشۇرۇۋەتسە ئاقىۋەتتە مۇشۇنداق ئۆزىگە يېنىپ قالىدىغان گەپكەن. ھە، ئۆزىگە مۇشۇنداق يانىدىغان ئىشكەن.

ــ ھە، ئۇ كاۋىنىڭ ھېكايىسىنى باغۇ كىندىكئانا، ــ دەپ گەپكە ئارىلاشتىم مەن، ــ ئاڭلىغانىدىم. ئۆتكەن يىلى قىشنىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى. بىزنىڭ ئۆيدە ئۆمەركام بىلەن ھۇسەيكام ئىككىسى ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ، قىزىقچىلىقتا ئۇ كاۋىنى ئۆزلىرىنىڭ ئوغرىلاپ يېگەنلىكىنى دادامغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. دادامنىڭ: «ئۇ چاغدا مەنمۇ گۇمان قىلغانىدىم، ھەي كەپسىزلەرەي، ھەي كەپسىزلەر، ھالۋىنى ھېكىم يەپتۇ، تايىقىنى يېتىم دېگەنىدەك ئىش بوپتىغۇ» دېگىنى ئېسىمدە. شۇ چاغدا ئۆزئارا بولۇشىغا كۈلۈشكەنىدۇق.

كىندىكئانام:

— بالام، مەن تاماقنى قوپاي، قارىم داداك بىلەن مۆمىنئاخۇن ئىككىسى بۇ جۇدۇندا تىترىشىپ، تايىنلىق قورسىقى ئېچىپ كېلىدۇ، سىلەرمۇ تاماق يەپلا كېتىڭلار، — دېگىنىچە كۆكتات ئاقلاپ، گۆش توغراشقا تۇتۇش قىلدى. مەن كاڭغا چىقىپ قوغۇنلۇقتا كېچىدىن ئۇخلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بىر كەمدە «گاراڭ - گۇرۇڭ» قىلغان ئاۋازلاردىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىم چوڭ دادام بىلەن دادام ئىككىسى غۇدۇراشقىنىچە پۇت - قولىنى يۇيۇپ تۆرگە ئۆتۈشۈۋېتىپتۇ. تاماقمۇ تەييار بوپتۇ. بىز بىرپەس سۈكۈنات ئىچىدە دېگۇدەك غىزالاندۇق. قارىم چوڭ دادام ۋە دادام قەبرىستانلىققا بارغۇچە، ئۆلۈكنى يەرلىككە قويغۇچە بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلىشىپ كەتتى.

— ۋاھايپاي يوغان، بەستلىك ئادەم بولغىنى بىلەن ئىچى تار، نەپسى بالا ئادەمتى. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن گەپ قىلىشقۇ گۇناھ. شۇنداقتىمۇ، — دېدى قارىم چوڭ دادام، — مۇنۇ كۇنلۇكتىكى ئەمەلىي ئەھۋال كىشىنى ئىختىيارسىز سۆزلىتىپ گۇناھىغا شېرىك قىلىۋاتىدۇ - دە. ئۇ ئايلىقچى ئىشلەتسە، بىرى بىلەن ئورتاقچىلىق قىلسا، بىر ئامال قىلىپ قارشى تەرەپنى شىلسامىلا دەيتتىكى، «توختا، بۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەم. ئۇ ئاز - تولا ئەمگىكىگە يارىشا نەپكە ئېرىشسۇن» دېگەننى ئۇيلاپمۇ قويمايتتى. ئىمانىمۇ سۇس، يۇرتدارچىلىقتا شالاڭ ئىدى. خوتۇن - بالىۋاقىسى ۋە ئىشلەمچى، ئورتاقچىلىرىغا زالىم ئىدىكى، ئۇلارنى ئىت - مۇشۇكچىلىكمۇ كۆرمەيتتى. ئوڭدا يېتىۋېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋارقىرىغىنى ۋارقىرىغاندى. ئاقىۋەتتە نېمە بولدى. ئەتتەك غالجىر بولۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئىمان ئېيتىشقىمۇ ھالى يەتمەي ئۆلدى. ئادەم دېگەنچۇ، يارالغانىكەن ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك. مانا، نامىزىدا جەددى - جەمەتىدىن باشقا تۇزۇك ئادەممۇ يوق. قەبرىستانلىققا كىرىش بىلەن جىنازىنى كۆتۈرگەنلەر قەبرىنىڭ يانتۇ يېرىگە دەسسىۋېلىپ تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىنىچۇ تېخى. ھېچقاچان بولمىغانلا ئىشلار يۈز بېرىپ كەتتى. ھەممىسى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشلار. توۋا دېگۈلۈك جۇمۇڭلا، بەندىسىگە بۇنداق كۈنلەرنى هارام قىلسۇن ئىلاھىم!

— ۋاھايباي ئۆزىمۇ يوغان، كېلەڭسىز بولغاچقا ئېغىرلىقىدىن جىنازىمۇ نەچچە پارچە بولۇپ كەتتى، — دېدى دادام گەپ قىستۇرۇپ، — ئالاھازەل بىر يۈز ئەللىك مېتىردىن ئارتۇق يەرگە كىگىزگە ئوراقلىق جەسەتنى خەق جۈپ - جۈپتىن قوللىرىنى ئۆتتۈشمە قىلىپ مىڭبىر زۇلۇمدا، ناھايىتى تەستە ئاپاردى. بارغانسېرى ئەدەپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ دەستىدىن پاتقاققا مىلەپ دېگۈدەكلا گۆرگە تىقىپ، چالا - بۇلا كۆمۈشۈپلا قىرائەت قىلىشقىمۇ قارىماي كېتىپ قېلىشتى.

# خاتىمە

«بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەندەكمۇ ياكى ئەجەلنىڭ نۆۋىتى شۇنداقمۇ بىلمىدۇق، ۋاھاپباينىڭ قىرىقى توشمايلا ھەدىسى ئۆلدى. يىلى توشقۇچە بىرىنىڭ قىرىقىغا بىرى ئۇلگۇرۇپ ۋە بەزىدە ئۇلگۇرمەي چوڭ قىزى، ئوتتۇرانچى قىزى، كۇيىئوغلى، نەۋرىلىرىدىن نەچچىسى خۇددى توخۇغا ۋابا تەگكەندەك ئۆلۈپ كەتتى. ئاپپاق يوپۇقلانغان «ياغاچ ئات» بۇ ھويلىنى ئەگىپ كېتەلمەيلا قالدى. ھەتتا مەن بىلەن دائىم دېگۇدەك بىللە ئوينايدىغان رازىيەنىمۇ بىر يېرىم سوتكىغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا قىشنىڭ شىۋىرغانلىق زۇلمەت بىر كۈندە ياغاچ ئات ئاپپاق يوپۇقلىرىنى لەپىلدەتكىنىچە ئېلىپ كەتتى.

«ئاسلانلىرىم رازىيەنىڭ ئالدىغا چىقىشتىمىكىن، رازىيەم ئاسلانلىرىم بىلەن كۆرۈشتىمىكىن، ئۆلارنى دادىسىغا چېقىپ قويغىنىدىن خىجىل بولدىمىكىن، ئەپۇ سورىدىمىكىن؟!»

رازىيەنىڭ يوغان قورۇسىدا تەنھا قالغان ئانىسى ھاشىخان بولسا تولا يىغلاپ، يىغىسى قۇرۇپ قالغان كۆزلىرىنى يەرگە قادىغىنىچە چەكچىيىپ قالىدىغان، ئولتۇرسا خىيالدىن بېشى ساڭگىلاپ يەرگە تېگەي دەپ قالىدىغان تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالدى. يېگەن - ئىچكىنىنى، تۇتقان - قويغىنىنى بىلگۈچىلىكى بولمايلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالغانىدى. ئادەمسىز قورۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا، تونۇر بېشىدا، يار بويىدا، يار بويىدىكى ياغاچ تۈۋىدە مۈكسىراپ ئولتۇرۇشلىرى خۇددى چىغ تۈۋىدە چاشقان ماراپ ئولتۇرغان مۈشۈكياپىلاقنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى.

ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ بەزىلىرى: «ھەي، ھەسرەت دېگەن يامان نېمىكەن جۇمۇ ئۇلا! دۆۋىدەك قاۋۇل، پەرىدەك گۈزەل مۇنۇ خوتۇننى ھەش ـ پەش دېگۈچە قاق سۆڭەك قىلىپ قويىدا» دېسە، يەنە بەزىلەر: «شۇنداق بولماي. ئاسانمۇ؟ تاماق ۋاقتىدا ئىككى يەرگە داستىخان راسلىمىسا سىغىشمايدىغان شۇنچە ئادەم بىر يىل ئىچىدە توزغاق توزۇغاندەك توزۇپ كېتىۋاتسا» دەيتتى. يەنە بەزىلىرى: «بىلگۈچى ئاللا، ھەممىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئاشۇ نەپسانىيەتچى ۋاھاپ قاقباشنىڭ قىلمىشلىرى دەڭلا. ئاشۇ ئاسلانلارنى تىرىك كۆممىگەن بولسا، مۈشۈكنى شۇنچىۋالا قىيناپ ئۆلتۈرمىگەن بولسا، بەلكىم مۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس ئىدى. جەزمەن ئاشۇ جانىۋارلارنىڭ قىساسى تۇتتى. قىساس دېگەن يامان نەرسە» دېيىشەتتى.

«ئەلنىڭ ئاغزى ئەللىك» دېگەندەك كىمنىڭ ئاغزىنى كىم تۇتۇۋالالىسۇن؟ قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى، تەسەللى بېرىشى، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى بۇ سەۋدايى قىياپەتكە كىرىپ قالغان مومايىنى راستتىنلا گۆرىستانلىق شەپىسىگە چۆمگەن بۇ ھاڭغىرقاي قورۇدا ئۇزاق ساقلاپ قالالمىدى. ياغاچ ئات مۈشۈك ـ ئاسلانلارغا ئازار ۋە قازا يەتكەن پەسىللەرنىڭ بىر كۈنىدە يۇقىرىقى قانلىق ۋەقەنىڭ شاھىتى بولغان ھاشىخان مومايىنمۇ ئۆز غانجۇغىسىغا تېڭىپ ئېلىپ كەتتى.

دادامنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇزاققا بارمايلا بىرمۇبىر كەلدى.

«بالام، جان ـ جانىۋارلارغا، بولۇپمۇ مۇشۇككە بىرەھىملىك قىلغان، ئۇنى قىينىغان، ئۆلتۈرگەن ئادەملەر ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ. مىڭ باي بولۇپ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ مەككە ـ مۇنەۋۋەرگە بېرىشنى نىيەت قىلسىمۇ، يول ئالسىمۇ سەپىرى راۋان بولمىغۇدەك. يولى راۋان بولغان تەقدىردىمۇ شور دەرياغا بارغاندا غەرق بولۇپ كەتكۇدەكمىش» دادامنىڭ ئاشۇ گەپلىرى قۇلىقىم تۈۋىدىلا جاراڭلايتتى. مانا ئەمدى ھەممە كارامەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولدۇم.

دادامنىڭ مۇشۇك توغرۇلۇق دەپ بەرگەن رىۋايەت خاراكتېرلىك مۇنۇ سۆزلىرى كۆڭلۈم ئاسمىنىدا دائىم جەۋلان قىلاتتى. «مۇشۇكچۇ، بالام،— دەيتتى دادام ناسۋالنى تەكرار چېكىپ،— بىرى مۇشۇكنى يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىسا ھەرگىز ئوڭدا، يانچە چۈشمەيدۇ. دۈمبىسىنى يەرگە تەگكۈزمىگەن ھالدا ھەرقاچان تۆت پۇتى بىلەن يەر بېغىرلاپ چۈشىدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىز مۇشۇكنى بەك ياخشى كۆرەتتىكەن. مۇشۇككە ئامراقلىقى كېلىپ دائىم مۇشۇكنىڭ دۈمبىسىنى سىلايتتىكەن. شۇڭلاشقا، مۇشۇكنىڭ دۈمبىسى يەرگە تەگمەيدىكەن. يەنە بىر پاراڭ، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللا مۇشۇكنى بەكلا ياخشى كۆرگەنلىكتىن مۇشۇك بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىيىمىنىڭ بىر پېشىنى بېسىپ ئۇخلاپ قالغاندا، پەيغەمبىرىمىز مۇشۇكنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇك بېسىپ ياتقان پېشىنى ئاستا كېسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇيدۇرماستىن پېشىن نامىزىغا چىقىپ كەتكەنىكەن. بۇ ۋاھاپباي دېگەن قارا كۆڭۈل مۇشۇلارنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان. رەسۇلىللانىڭ قىلغانلىرىنى قىلىش سۈننەت تۇرسا، بۇ بىئەقىل ئۇ تەرىپىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇ دۇنيادىمۇ تارتقۇلۇقى بار.»

دادام بەش ۋاق نامىزىنى تولۇق ئۆتەپ كېتەلمىسىمۇ، ئەمما ھالال ـ ھارام، ھەق ـ ناھەق ئىشلىرىدا پاك ۋە لىللا ئىدى. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت ھېچقانداق ئىش قىلمايتتى. مېنىمۇ ئۆزىدەك دۇرۇس ئادەم بولسۇن دېگەن ئارمانىنى كۆڭلىگە پۈكسە كېرەك، يۇقىرىقىدەك رىۋايەت ـ ھېكايىلەرنى، پەزىلەتلىك ئىشلارنى جايىنى تېپىپ چوڭ ئادەمگە ئەمرىمەرۇپ قىلغاندەك ئەستايىدىل سۆزلەپ بېرەتتى. شۇڭلاشقا دادامنىڭ ھەربىر سۆزى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قەلبىم تۆرىدە لەۋھە بولۇپ چاقناپ تۇرىدۇ!




بويناق بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇش، خىزمەت ئىشلىرى بىلەن يۇرتۇمدىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىمگە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يېرىم ئەسىردىن ھالقىپ قاپتۇ. بالىلىق ۋە نەۋرىلىك بوپتىمەن. يېشىممۇ يەتمىشكە ئۇلاشقىلى تۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە بىر كۆتەكتىن كۆكلەپ چىققان بىر تال نوتىدەك يېگانە ئىدىم. يېتىمچىلىكىمدە بولسۇن، ئوقۇغۇچىلىق، خىزمەت ۋە تۇرمۇشۇمدا بولسۇن، جىق ۋەقە، كۆپلىگەن كۆڭۈللۈك - كۆڭۈلسىز ئىشلار بېشىمدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنتۇلۇپمۇ كېتىلدى. ئەمما، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئويناپ چوڭ بولغان مەھەللەمنىڭ بوك - باراقسان كوچىلىرى، ئېتىز - باغلىرى، بۇلاق - سايلىرى، ئۆستەڭ - كۆللىرى ماي بوياق رەسىمدەك جۇلالىنىپ مېنى دائىم سېغىندۇرۇپ كەلدى. ئۇ يەردە بىللە ئويناپ ئۆسكەن دوستلىرىمنى، ئاتا - ئانامنى، قېرىنداشلىرىمنى كۆرگەن بوۋاي - مومايلار ھەر ۋاقىت مېنى ئۆزىگە تارتىپ ۋە چاقىرىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. «پاھ! يۇرت مۇھەببىتى، يۇرت سېغىنىشى نېمىدېگەن يالقۇنلۇق، نەقەدەر ھارارەتلىك - ھە!»

يۇرتۇم ھەققىدە پەرزەنتلىرىمگە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەۋرىلىرىمگە مەيلى ئۇقسۇن - ئۇقمىسۇن، چۈشەنسۇن - چۈشەنمىسۇن، خۇددى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلىگەندەك، ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك توختىماي سۆزلەپ كېتەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەر قېتىم بۇ ئىشلارنى سۆزلىگىنىمدە بالىچاقام، بولۇپمۇ سۆھبەت ـ ھېكايەتلىرىمدىكى ئىشلارنى تولا ئاڭلاپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولۇپ كەتكەن ئايالىممۇ كېيىنكى كۈنلەردە مەن گەپنىڭ بېشىنى شۇنداقلا ئېغىزىمدىن چىقىرىشىمغا، ئارقان ئەشكەندە ئۈچ قويغاندەك مەن دېمەكچى بولغان ۋەقەلەرنى بىمالال قايتىلاپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۆيدە پاراققىدە كۈلكىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. كۆپ قېتىملاپ ئىختىيارسىز تەكرارلىنىدىغان يۇرت سېغىنىشلىرى تۇپەيلى خۇددى بىر پاتېفون تەخسىسىگە ئايلىنىپ قالغاندىم. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بويناق بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىمنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي.

بىز كۆپىنچە، بولۇپمۇ ياز كېتىپ، قار ياغقانغا قەدەر قوغۇنلۇقتىكى كەپىمىزدە تۇراتتۇق. مەن دادامنىڭ كەينىدىلا يۈرەتتىم. ئاسلانلىرىمدىن ئايرىلىپ سۇنغان كۆڭلۈمنى دادام بىلەتتى، شۇڭا مېنى ئۆزىدىن زادى نېرى قىلمايتتى.

دادام كەتمەن بىلەن يەر ئاغدۇرسا، مەن ئېرىق قىرلىرىدا تۇگمەن ياساپ ئۇن تارتىپ ئوينايتتىم. ئويناپ يۈرۈپ ھېرىپ ئېرىقلارنىڭ ئىچىدە ئۇخلاپ قېلىپ، دادامنى ئەنسىرىتىپ قويغان ئىشلىرىممۇ بار ئىدى. شۇنداق چاغلاردا مۇشۇكۇم ـ ئاسلانلىرىم بولغان بولسا كەپىدە ئويناپ تۇراتتىم دېگەن ۋاقىتلىرىممۇ بولغانىدى. بىر كۈنى دادام:

ــ سەن ئېگىز كەپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۇرغىن. مەن مەھەللىگە بېرىپ باقاي. ئىسرايىلكامنىڭ ئىتى كۈچۈكلىگەنىدى. بەلكىم بىرئاز چوڭ بولۇپ

قالغاندۇ. بولسا ساڭا بىرنى ئەكېلىپ بېرىمەن،— دەپ مېنى كەپىگە ياماشتۇرۇپ چىقىرىپ قويۇپ: «ھەرگىز تۆۋەنگە چۈشمە» دەپ جېكىلەپ مەھەللىگە كەتتى.

مەن ئېگىز كەپىدە تۇرۇپ خېلى ۋاقىتقىچە ئەتراپنى كۆزىتىپ ئۆرە تۇردۇم. ئەتراپتىكى يول - يوللاردا كۆتەك ھارۋىلار، كالا - قويلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئاندا - ساندا ئۆتەتتى.

دادام قاچانمۇ كېلەر دەپ يولىغا قاراپ ئاخىر مۈگدەپمۇ قاپتىمەن. بىرھازادا مەھەللە تەرەپتىن ئازراق توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ ھارۋا كۆرۈندى. ئاشۇ ھارۋىدا چوقچىيىپ ئولتۇرغان دادامنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا:

— دادا، دادا! كۈچۈكنى ئەكەلدىڭمۇ؟— دەپ ئۆزۈمنى يەرگە ئاتقىلى تاس قالدىم. دادام:

— ھە، مانا ئەكەلدىم، بالام،— دەپ پالاسقا ئورالغان كىچىككىنە چىرايلىق بىر كۈچۈكنى كۆرسەتتى ۋە مېنى كەپىدىن چۈشۈرۈپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. كۈچۈك قۇچىقىمدىن يەرگە چۈشمەن دەپ يۇلقۇنۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. كۈچۈككە قارىغانسېرى كۈچۈك كۆزۈمگە شۇنچىلىك بۇدرۇق، شۇنچىلىك سۆيۈملۈك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئانىسىنى ئىزدىسە كېرەك، غىڭشىپ يىغلىغاندەك قىلاتتى.

— دادا، كۈچۈك يىغلاۋاتىدۇ،— دېدىم. كۆڭلى يۇمشاق دادام كۈچۈككە ئىچ ئاغرىتىپ:

— بۇنىڭغا سۈت بېرىپ، ناننى يۇمشاق چايناپ يېگۈزۈپ ئۆزۈڭگە كۆندۈرۈۋالغىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ساڭا بىردىنبىر ھەمراھ ھەم قاراۋۇل بولىدۇ،— دېدى.

ئۆيىمىزگە بىر جان قوشۇلۇپ قالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. كۈچۈكۈمنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ، باشلىرىنى، دۈمبىلىرىنى سىلاشتۇرۇپ، ئالدىغا يەيدىغان نەرسىلەرنى قويۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدىم. شۇنداق قىلىپ نەچچە كۈنلىرىم كۈچۈكنى ئۆزۈمگە ئۆگىتىۋىلىش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. ئۆزۈمنىڭ روھىي ھالىتىم خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان چېغى، دادام خۇش بولۇپ: «ئەمدى كۈچۈكۈڭگە ئىسىم قويايلى» دېدى.

مەنمۇ دادامنىڭ گېپىگە قوشۇلدۇم. قانداق ئىسىم قويارمىز دېگەن خىيالدا تۇرسام، دادام:

— كۈچۈكۈڭنىڭ بويىنى ئاق ئىكەن، شۇڭا بويناق دېسەك بولامدۇ، — دېدى. بۇ ئىسىم كۈچۈككە بەكمۇ ياراشتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ كۈچۈكمۇ چوڭىيىشقا باشلىدى. مەھەللىدىن خېلىلا يىراق قوغۇنلۇقتا كۈنلىرىم مەنلىك ئۆتۈشكە باشلىدى. خۇددى ئۇكامغا گەپ قىلغاندەك كۈچۈكۈمگە توختىماي گەپ قىلىمەن. ئۇمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى بىلگەندەك قۇلاقلىرىنى مىدىرلىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن خۇشال بولۇپ:

— دادا! دادا! كۈچۈكۈم گەپ ئۇقىدىغان ئوخشايدۇ. مەن نېمە قىل دېسەم شۇنى قىلىۋاتىدۇ، مەن تۇتقان نەرسىلەرنى ئۇ پۇراپ قويۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا گەپ ئۆگىتەيمىكىن دەيمەن، — دېدىم.

— توغرا بالام، ھايۋانلارنىڭمۇ ئۆزلىرى ئۇقىدىغان تىلى بار. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغىمۇ دىققەت قىلىدۇ، شۇڭا بىز بىلەن بىللە ئۆتەلەيدۇ. بۇ كۈچۈكنى ياخشى تەربىيەلەيلى، — دەپ يول كۆرسەتتى دادام.

كۆچۈك بارغانسېرى ئۆيىمىزنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۈچ ۋاق تامىقى بىز بىلەن بىللە، بىز نېمە يېسەك شۇنى يەيدۇ. كۆچۈكۈمنىڭ قاچىسىنىمۇ بىزنىڭ قاچىلارغا ئوخشاش يۇيۇپ - تازىلاپ ئېلىپ قويىمەن. قوغۇنلۇقتا ئۈزۈلمەي كىشىلەر كېلىپ تۇرغاچقا، تونۇش بولۇپ قالغانلارنىڭ ئالدىغا قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ بارسا، تونۇمىغان كىشىلەرگە هاۋشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى تۇگمەنچى تاغامنى تاماق يەپ كېتىشكە تۇتۇپ قالغاندۇق. تاماقلار سۇنۇلۇپ كۆچۈككە ئاشتىن ئازراقلا بىر چىنە قۇيۇپ بەردى. مەن كۆچۈكۈمنىڭ قاچىسىغا ئېشىمدىن قۇيۇپ بېرەي دەپ تۇرۇشۇمغا، تۇگمەنچى تاغام هەيران بولۇپ:

— مۆمىنئاخۇن ئاكا، ئىت دېگەن پەقەت ئاشقان - تاشقاننى يەيدىغان، سىلەرنىڭ بۇ كۈچۈك باشقىچە بېقىلىۋېتىپتۇ دېسە، — دېدى.

مەن بۇ گەپكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

— بۇمۇ مۇشۇ ئۆينىڭ بىر ئەزاسى، مېنىڭ ئەڭ يېقىن هەمراهىم، — دېدىم.

دادام بىلەن تۇگمەنچى تاغام ئىككىسى كۈلۈپ مېنىڭ گېپىمنى قوللىدى.

كېيىنچە دادام كۆچۈكۈمنى باغلاپ قويىدىغان بولدى. مەن نارازىلىق بىلدۈرسەم:

— ئىت دېگەننى باغلاپ باقمىسا يامان بولۇپ چىقىدۇ دېگەن گەپمۇ بار. ئەڭ ئاساسلىقى كەلگەن مېھمانلارنىڭ باللىرىنى قورقۇتۇپ قويىمىسۇن دەيمەن. تېخىمۇ مۇھىمى، پاسكىنا نەرسىلەرنى پۇراپ قويمىسۇن، — دېدى.

دادام ئاخشىمى ـ ئەتىسى كوچوكۇم ئىككىمىزنى خوددى ئەسكەرلەردەك يوگورتۇپ مەشىق قىلدۇراتتى. بوكىنى يىراققا تاشلاپ، ئاۋۋال ماڭا ئەكەلدۇرۇپ، ئاندىن «بويناق» دەپ ۋارقىراپ بوكنى تاشلىسا بويناق يۇگۇرۇپ بېرىپ بوكنى ئەكېلەتتى. دادام چالما ئېتىپ، چالما ئاتقان تەرەپكە ئىككىمىزنى تەڭ يۇگۇرتۇپ، ئۆزىمۇ تەڭلا جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقاندەك ھالەتنى شەكىللەندۇرەتتى. مەن كەچكىچە بويناق بىلەن ئوينىغاچقىمۇ، تېتىكلىشىپ، شوخ بالا بولۇپ قالدىم.

كەچ كۇزدە بويناقنى باغرىمغا بېسىپ مەھەللىگە كوچۇپ كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ بويناقمۇ بىز قىشنى بىز بىلەن مەھەللىدە ئوتكۇزۇپ ئەتىيازدا يەنە قوغۇنلۇقتىكى كەپىگە بىللە باردى.

بۇ يىل دادام نۇرغۇن يەرگە يازلىق، كۇزلۇك قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىدى. دادامنىڭ ئىشلىرى ئېغىر ھەم كوپ ئىدى. نېمىلا بولسا مەندىن ئەنسىرەپ كەتمەيتتى. مەنمۇ دادامنىڭ كەينىدىلا يۇرمەيدىغان بولدۇم. بويناق بىلەن كەپە ئەتراپىدا ئويناپتتىم.

دادام ئورۇقنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن، كەپە ئەتراپىغا چىرايلىق باراڭلارنى ياسىدى. باراڭلارنىڭ ئەتراپىغا ئادىتى بويىچە چىرايلىق گۇللەرنى تېرىدى. مېھمانلىق باراڭ، ئوي ئىچىلىك باراڭلارنى ئايرىپ ياساپ قوياتتى. قوغۇن ـ تاۋۇز پىشقاندىن باشلاپ تاكى مەھەللىگە كوچۇپ كەتكىچە نۇرغۇن مېھمانلارنى ئۇزىتاتتى. «بۇ يىل يوسۇپ چوڭ داداڭلارنىڭ ئويىدىكىلەر چىقىپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇشى مۇمكىن» دەپ باراڭلىقنى بولەكچىلا قىيتىرقىنىپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ كەتتى.

مەن بويناق بىلەن كۈنلىرىمنى زېرىكمەي ئۆتكۈزگىنىم ئۈچۈن قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ پىشقىنىنى سەزمەيلا قالدىم. بويناق شۇنداق تېز چوڭ بولۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. «بالام، قارا ئۇنىڭ تۇرقىغا، قارىغان ئادەم زوقلانماي قالمايدۇ، ئالدى كۆكرىكى يوغان، بېلى ئىنچىكە، قۇلاقلىرى دىقماق، بويى ئېگىز» دەپ بويناقنىڭ پارقىراپ تۇرغان تۈكلىرىنى سىلاپ كېتەتتى دادام.

— بويناق يۈگۈرسە ئۇچقاندەك بىلىنىپ كېتىدۇ، — دېدىم. دادام:

— بىزنى مېھمان بېسىپ كەتكۈچە شەھەرگە بىر - ئىككى رەت قوغۇن - تاۋۇز ئەكىرىپ سېتىپ چىقسام، تۇرمۇشىمىزنى ئوڭۇشلاشتۇرۇۋالايتتۇق، — دېدى ھەمدە، — ئالدىنقى يىللاردىكى قولىمىزدا ھارۋا يوق ئىدى، يۈسۈپجان ئاكا ناھايىتى ئېسىل ئادەم ئىكەن. يەر، سۇ، ئات - ھارۋىلىرىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا ئۆتكۈزۈپلا بەردى، بىراق سېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن.

— ياق دادا، مەن يالغۇز ئەمەس، بويناق بار. بىز ھېچكىمگە بوزەك بولمايمىز، — دېدىم.

ئەتىسى سەھەر دادام بازارنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، مېنى ئېگىز كەپىگە چىقىرىپ قويۇپ، بويناقنى كەپىگە باغلاپ قويۇپ مېڭىپ كەتتى. بەك سەھەر بولغاچقا باشقىدىن ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئويغانسام بويناق بوشىنىۋېلىپ، قوغۇنلۇقتىكى قاغىلارنى قوغلاپ يۈرۈپتۇ. بىردەم مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ھاۋشىسا، بىردەم قوغۇنلۇققا قاراپ يۈگۈرۈيتتى.

uyghurkitap.com



داداممۇ چۈش قايرىلغاندا گۆش ــ كۆكتاتلارنى، تاتلىقلارنى ئېلىپ چىقتى.

ــ بەكمۇ ئالدىرىدىم، سەندىن ئەنسىرەپ كەتتىم بالام، ــ دادام شۇنداق دەپ بىر مېنىڭ بېشىمنى سىلىسا، بىر بويناقنى ئەركىلەتتى.

ــ بويناق قاغىلارنى ساڭا ئوخشاشلا قورۇدى، ئەمدى مېنى يۇقىرىغا چىقىرىپ قويمىغىن، بويناق بىلەن بىللە ئېتىزلاردا ئويناي، ــ دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن دادام بازارغا بارسا مېنى بويناق بىلەن كەپىدە قويۇپ ماڭىدىغان بولدى.

بۇ يىل ياز بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. دادام دېگەندەك پاشاخان ئانام، مېھراي قىز، ئوغلى نۇرمۇھەممەت، سىڭلىسى ئايزىمخان ھەدەم باللىرى بىلەن چىقىپ قوغۇنلۇقنى ئاۋات قىلىۋەتتى. شۇ يىللىرى بارات ئايلىرى يازدا كەلگەن ئوخشايدۇ. پاشاخان ئانامىلار كېچىنى مېھمانلىق باراڭلاردا تۈنەپ ئۆتكۈزدى. چېلىنغان سازلارنى، ئايزىمخان ھەدىنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەپ قالىمەن. شۇ يىلى بىز مەھەللىگە خېلى بالدۇر قايتىپ كەلدۇق. ئات ھارۋا بولغاچقا بېرىدىغاننى ئەكىرىپ بېرىپ، قالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىۋالدۇق.

بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئۆيىمىز كەچقۇرۇنلۇقى بەكمۇ ئاۋات بولۇپ كېتەتتى.

دادام پاراڭچى، قىزىقچى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچتە يېتىمچىلار كېلىپ (سىرتتىن ئىشلەشكە كەلگەنلەرنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) دادام ئەتكەن ئۇماچقا داخىل بولاتتى.

مەن نەچچە قېتىم: «ئۆزىمىزگىلا لايىق تاماق ئەتسەك بولمامدۇ» دەپ سورىسام، دادام: «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، دېگەن گەپ بار بالام» دەيتتى. هازىر ئويلىسام ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويغىنىمىز ئاددىي بىر قاچا ئۇماچ بولغىنى بىلەن ئۇلار هۇزۇرلىنىپ ئىچىپ، قىزىقارلىق پاراڭلارنى قىلىپ، كۈلۈشۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتىكەن. پاراڭلار قىزىپ ئىختىيارسىز پاراڭنىڭ تېمىسى بويناققا يۆتكىلەتتى.

— مۆمىنئاخۇن ئاكا، بۇ ئىتنىڭ راستىلا گەپ ئۇقىدىغان ئوخشايدۇ. كۈندە كېلىپ تۇرساقمۇ هەربىرىمىزنى تەكشۈرگەندەك قىلىپ كىرگۈزىدۇ. ئىككى كۈن ئاۋۋال بىز بىللە كەلگەن ئىككىيلەننى زادىلا كىرگۈزمىدى، بالاڭ چىقىپ گەپ قىلىۋىدى، ئاندىن يول بەردى. هېلىقى قېلىن قار ياغقان كۈنى ھەممىمىز مەھەللىگە قېچىپ كەلگەن توشقانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن كالتەكلەرنى ئېلىپ چىققانىدۇق. بالاڭمۇ ئىتنى باشلاپ چىقتى. بىر ئارىلىقتا بالاڭ: «بويناق، باس» دېگەندى كاساپەت ئۇچتى. كەينىدىن يۈگۈرۈپ بارساق، توشقاننى ئىككى پۇتى بىلەن بېسىۋاپتۇ. زەخىم يەتكۈزمەپتۇ. باشقىمىزغا بېرەر ئەمەس. بالاڭ بېرىپ توشقاننى ساقلا قولىغا ئالدى، — دەيتتى. بويناقنىڭ چېچەن، ئالغۇرلۇقى ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ كېتەتتى.

— بالام، بۇ يىل ئېتىزنى پاكىز بېسىقتۇرۇۋالدۇق. ئانچە باياشات بولمىساقمۇ، ۋاھاپباي بىلەن ئورتاقچىلىق قىلغان يىللاردىكى ئۇۋالچىلىقلارغا قارىغاندا مىڭ شۈكۈر، — دەپ خورسىنىپ قويدى دادام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن كىچىك بولساممۇ، كۆپ ئىشلار يادىمدا بار ئىدى. يەتتە - سەككىز ياشلاردا بولسام كېرەك، «كەمبەغەلنىڭ بالىسى چاپسان چوڭ بولىدۇ» دەپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ. ۋاھاپباي بىلەن ئورتاقچىلىق قىلغان يىلى قوغۇن - تاۋۇزلار بەك ئوخشىغانىدى. ئورتاقچى ۋاھاپباي بالىچاقىلىرى بىلەن يازىچە بولۇشىغا يەپ، ئۆزىگە تېگىشلىك دېگىنىنى ئۆز ئىختىيارىچە قوغۇن - تاۋۇز، كاۋا - قاپاقلارغىچە توشۇپ ئۆلگۈردى. بىزگە هارۋىنى بىكار بولغاندا بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. بىز كۈتە - كۈتە ئاخىر سوغۇققا قالدۇق. تەرگەن - تىككەن نەرسىلەرنى چۆپ - قورايلار بىلەن يېپىپ ساقلىدۇق.

دادام كۈندە هارۋىنىڭ بىكار بولۇشىنى كۈتۈپ:

— هارۋا بىكار بولغان بولسا، بازارغا بىر - ئىككى هارۋا مال ئەكىرىپ سېتىپ چىققان بولسام ياخشى بولاتتى، — دەيتتى تىت - تىت بولغان هالدا.

— ئۆزۈڭدە يوق، ئالەمدە يوق، — دېگەن شۇ دەپ قوياتتى بەزىدە تىت - تىت بولۇپ. ئاخىر دادام مەھەللىگە نەچچە رەت بېرىپ بىر هارۋا تېپىپ كەلدى. ئالدى بىلەن مېنى ئورۇن - كۆرپىلەر بىلەن كۆچۈردى. كېچىلەپ بىر نەچچە هارۋا قوغۇن - تاۋۇزنى ئەكىلىۋالدى. كېچىچە شىۋىرغان ئارىلاش ياغقان قار پۈتۈن مەھەللە، ئېتىزلارنى بىراقلا باستى. قاتتىق سوغۇق باشلىنىپ ئېتىزدىكى قوغۇن - تاۋۇزلار ئېتىزدا، ئۆيگە ئەكەلگەنلىرىمىز ئۆيدە بىراقلا توڭلاپ قالدى.

بۇ ئىش دادامغا بەك هار كېلىپ ئاغرىپ يېتىپ

قالدى. يېقىنلار، قوشنىلار ھالىمىزدىن خەۋەر ئالدى. قىشقا قۇرۇق قول كىرگەن بولساقمۇ «گولنىڭ غېمىنى خۇدا قىلىدۇ» دەپ يۇسۇپجان چوڭ دادام چىقىپ دادام بىلەن پاراڭلاشتى.

دادامنىڭ پىلانلىرىنى ئاڭلاپ: «بولىدۇ، بۇ يىل قىشتىن چىقىشىڭلارغا ياردەم قىلاي، ئەتىيازدا ئىشنى بالدۇرراق باشلايلى» دەپ بىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىپ كەتتى. قىشچە قوشنىلارنىڭ ئاز - تولا سۇنغان نانلىرى بىلەن توڭ تاۋۇزلارنى دورا ئورنىدا يەپ چىققانىدۇق. دادام تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن ئەتىياز كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئېتىز - ئېرىقلاردا ئەگىز سۇلىرى ئېقىشقا باشلىغاندا كۆچۈشنىڭ غېمىدە بولۇشقا باشلىدۇق.

ئۇ چاغلاردا قىش ئىنتايىن سوغۇق بولاتتى. قارمۇ ئىنتايىن قېلىن ياغاتتى. ئات - ئۇلاق، ھارۋىلار بىلەن دەسسىگەن قارلار قېلىن مۇز قەۋىتى ھاسىل قىلاتتى.

ھويلا - ئاران، مەھەللە يوللىرىدىكى توڭنى ئەتىيازنىڭ ئىللىق شامىلى ئېرىتەتتى. شۇندىلا يولنىڭ چەتلىرىدە مېڭىشقا بولاتتى. مارت ئايلىرىدا كوچا - كويىلاردا پىتىقچىلىق بولاتتى. شەھەرگە كىرىدىغان يوللارمۇ قۇرۇپ ئېچىلمىغۇچە ھەر خىل قاتناشلار توختاپ قالاتتى.

ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. جاھان ئىللىپ كۆكلۈك كۈنلەر باشلاندى. بۇ يىل بويناقمۇ باشقىچە تۇسكە كىرگەنىدى. مەنمۇ دادامغا خېلىلا ئەسقېتىپ قالدىم.

يۇسۇپجان چوڭ دادام چىقىپ دادامنىڭ ئۆزى يالغۇز ئىشقا كىرىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتتى بولغاي، ئىككى ئادەم تېپىپ، ئۆزىگە ياردەملەشتۇرۇش مەسلىھەتىنى بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دادام بوْغداي ـ قوناقلارنى تېرىپ بولۇپ، يەنە يەر ئېچىشقا كىرىشىپ كەتتى. دادامنىڭ دېيىشىچە، چىغلىق ـ چىغىر تماقلىق يەرلەرنى ئېچىپ قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىسا، بەك ئوخشايدىكەن ھەم تاتلىق بولىدىكەن.

ـ بۇ يىل يارەملىشىدىغان ئادەملەر مۇقىم بولغىنى ئۈچۈن تاۋۇز ـ قوغۇن، كاۋا ـ قاپاقلارنى قىنىالماي تېرىۋالدىم، ـ دەپ خۇشال بولدى دادام.

دادام ئادىتى بويىچە باراڭلارنى ياساپ، گۈللەرنى تېرىپ ئۈلگۈردى. مۇشۇ كۈنلەردە بويىناقنىڭ يىراق ـ يېقىنلارغا خېلى داڭقى چىقىپ قالغانىدى.

بىرلىرى: «بالىسى بىلەن ئىتى بولسا ھېچقانداق ئادەم ۋە ھايۋانلار قوغۇنلۇققا چېقىلالمايدىكەن، ئۇلار نەق سېپى ئۆزىدىن قاراۋۇل ئىكەن» دېسە؛ يەنە بىرلىرى: «ئىتى گەپ ئۇقىدىكەن، بەك چېچەن، ئالغۇر ئوۋ ئىتى ئىكەن» دېگەندەك گەپلەر ئۇلغىيىپ قالغانىدى. بوْغداي پىشقاندا دادام ئورما ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. مەن بويىناق بىلەن قوغۇنلۇقنى باقتىم.

بويىناقنى ئەگەشتۈرۈپ نۇرغۇن ئويۇنلارنى ئىجاد قىلىپ ئويناپ كېتەتتىم. بىر ياقتىن توْگمەن ياساپ ئۇن تارتسام، بىر ياقتىن ساراي ـ سېپىللارنى ياساپ شەھەر سالاتتىم. بىر تۇرۇپ خۇددى دادام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى باتۇر پالۋان بولسام، بىر تۇرۇپ پادشاھ بولۇپ يۇرت سورايتتىم.

چۈشلۇقلارنى ئات قىلىپ مىنىپ، بويىناقنى كانۋۇي قىلىپ قوغۇنلۇقنى ئايلىناتتىم. شۇ جەريانلاردا بويىناق بىلەن سۆزلىشەتتىم. ئۇمۇ مەقسىتىمنى بىلگەندەك ئىپادە بىلدۇرەتتى.

دادام بىكار بولغۇچە سوئاللىرىم يىغىلىپ كېتەتتى. بەزىدە بويناقتا: «جېنىم بوينىقىم، سۆزلىيەلىگەن بولساڭچۇ!» دەپ كېتەتتىم. بالىلىق چاغلىرىم تولىمۇ يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەنىكەن. دادام بىلەن بوينىقىم بىردىنبىر ھەمراھلىرىم، دوستلىرىم، قېرىنداشلىرىم ئىكەن.

باشقا دېھقانچىلىق ئىشلىرى تۈگەپ قوغۇنلۇقتىكى كەپىدە جەم بولدۇق. كۈنلىرىمىز گۇڭگۇر - مۇڭگۇر ئۆتۈشكە باشلىدى. چۈش مەزگىلى ئىدى، دادامنىڭ خېلىلا يېقىن بىر قازاق ئاغىنىسى (ئۇنى تامىر دەپ چاقىراتتى) ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئىتنى باغلاپ يېتىلەپ ئەكەلگەنىكەن. ئۇ ئىت مېنىڭ بوينىقىمدىن بەستلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىت بويناقنى كۆرۈپ خىرقىراپ خىرىس قىلغىلى تۇردى.

تامىر ئاغا ئىتنى ئارانلا باشقۇرۇپ تۇراتتى. تامىر ئاغا: «مۇشۇ ئىتنى بېرىمەن، ئۈستىدىن بىر قېرىن ماي بېرىمەن، ئىتىڭنى ماڭا بەرسەڭ» دېمەكچىكەن. دادام ئويلىنىپ تۇرمايلا: «بولمايدۇ» دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ تامىرتاغا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى:

— ئەمىسە ئىتلارنى تالاشتۇرۇپ كۆرەيلى، ئەگەر ئىتىڭ يېڭىلسە مېنىڭ بولسۇن. مېنىڭ ئىتىم يېڭىلسە بىر قېرىن ئاق ماي سېنىڭ بولسۇن، — دېدى.

دادام چىرايلىقچە:

— بۇمۇ بولمايدۇ، — دېدى، — بىزنىڭ بويناق تېخى كىچىك، بوي - تۇرقى چوڭ بولغىنى بىلەن يېتىلمىدى.

سىزنىڭ قىرى ئىتىڭ بىلەن سوقۇشتۇرمايمەن، ـــ دېگەن بولسىمۇ، ئۇ كىشى ئىتىنى قەستەن قويۇۋەتتى.

دەسلەپتە تامىرتاغىنىڭ ئىتى بويناققا خېلى قاتتىق خىرىس قىلدى. بويناق بولسا ھېچ ئەيمەنمەي ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئۇنسىز ئىككى ـ ئۈچ رەت چۆرگىلىدى. بويىنىقىمىز بىزدىن ھېچقانداق شەپە بولمىغاچقا شۇنداق قىلدىمۇ ياكى ئىتىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈسى كەلدىمۇ، خۇددى ھەممىنى بىلىدىغان قىياپەتتە تامىرتاغىنىڭ ئىتىغا تىكىلدى. مەن ئىتىمغا ئىشەنگەندەك ھالەتتە تۇراتتىم. شۇ ئارىدا دادام قەتئىيەتكە كەلگەن بولسا كېرەك: «بويناق، باس!» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن بىزنىڭ بويناق ئۇچقاندەك ئېتىلىپ بېرىپ كۆكرىكى بىلەن تامىرتاغىنىڭ ئىتىنى ئۇردى، ئاندىن ئۇياققا ئۆتۈپ ئىت ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە يەنە بىر قېتىم كۆكرىكى بىلەن ئۇرۇپ كانىيىدىن كاپلا قىلىپ چىشلەپ ئالدى. ئىت مىدىر ـ سىدىر قىلالماي يېتىپ قالدى. دادام: «بويناق، قايت!» دەپ ۋارقىرىدى.

بويناق ئىتنى قويۇۋېتىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ پۇتلىرى بىلەن ئېغىزلىرىنى سۈرتكەندەك قىلىپ، قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ ھېچنېمە كۆرمىگەندەك تۇراتتى.

چوڭ ئىت ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ، ئىگىسى بىلەنمۇ چاتىقى بولماي كەلگەن تەرەپكە كېتىپ قالدى. مەن ئىتىمنىڭ باتۇرلۇقىدىن سۆيۈنۈپ باشلىرىنى سىلاپ ـ سىيپاپ سۆيۈپ كەتتىم.

دادام تامىر تاغىنى:

ـــ خاپا بولما، ـــ دەپ چىرايلىق يولغا سالدى. دادام ماڭا:

— تامىر سېنىڭ بوينىقىڭنىڭ داغقىنى ئاڭلاپ كەلگەن گەپ، — دېدى.
مەن بويناق بىلەن قوغۇنلۇقنى ئايلىنىپ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلسەم، دادام داستىخان راسلاپ چاي ئىچىشكە تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن.
— كېلە بالام! قاراڭغۇ چۈشكىچە قورساقنى ئەستەرلىۋالايلى، — دېدى. پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن قىزىل - سېرىق نامازشام گۈللىرى بۆلەكچىلا تاۋلىنىپ، ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچاتتى. مەن گۈللەرگە زوقمەنلىك بىلەن تەكشى قاراپ چىقتىم، ئاندىن توق قىزىل رەڭلەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشقا ئۇزاق تىكىلدىم.
— بالام، نېمىگە شۇنچىۋالا داڭ قېتىپ قاراپ كەتتىڭ؟ — دېدى دادام كەپە ئالدىدىكى بارالڭ ئاستىغا سېلىنغان داستىخانغا ئولتۇرۇۋېتىپ.
مەن قۇياش ھەققىدىكى ئويلىغانلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم. دادام گەپلىرىمدىن خۇرسەن بولۇپ، ماڭلىيىمدىن سۆيۈپ بېشىمنى سىلاپ قويدى. چاي ئىچىشكەچ يەنە دادامدىن سوئال سوراشقا باشلىدىم:
— دادا، قۇياش ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يۇلتۇزلار چىقىدۇ. سەن تېخى سامانيولى دەمسەن، ئۈكەر، چۆمۈچ يۇلتۇز دېگەندەك گەپلەرنى قىلىسەن. قۇياش چىققاندىن كېيىن يۇلتۇزلار نەگە كېتىدۇ؟
— بۇ سوئالىڭغا ئاددىيلا جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، يۇلتۇزلار ئورنىدىن مىدىرلىمايدۇ. كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرى يۇلتۇزلارنى توسۇپ تۇرىدۇ. بالام، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى سېنى ئوقۇتىمەن. بۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سوئاللىرىڭغا توغرا، تەپسىلىي جاۋابلارنى چوقۇم بىلىسەن، — دېدى دادام.

— مەن ئوقۇسام ھەممىنى بىلەلەيمەنمۇ؟ — دەپ سورىدىم دادامدىن.

— شۇنداق، ئوقۇمىغان ئادەم جان باقالىغىنى بىلەن ھامىنى نادان بولىدۇ، — دېدى دادام.

ئاخىر سوئاللار - پاراڭلار ئارىسىدا ئۆگەدەپ قالغان ئوخشايمەن. دادامنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ ياتقۇزۇپ قويغىنىنى بىلىپ - بىلمەي ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

ئويلىسام دادام ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن تۇرمۇشتا، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە - مۇناسىۋەتتە ئادىل، راستچىل، ھەق سۆز ئادەم ئىدى. شۇڭا، باشقىلار دادامنى ھۆرمەت قىلاتتى. قىلغان گەپلىرىنى ئىلىك ئالاتتى. جامائەت تەرىپىنى قىلاتتى. قوغۇنلۇققا مېھمانلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. دادام ھەر ۋاقىت ئالدىراش ئىدى. كەلگەنلەرگە قوغۇن - تاۋۇز تىلىپ، يەنە ئۆيگە ئەكېتىشكە قولتۇقلىتىپ يولغا سالاتتى. بىر كۈنى سەپسىلىپ قارىسام بويناقمۇ ئالدىراشتەك كۆرۈندى. يار بويىغا نەچچە رەت بېرىپ كېلىپ ئاخىر يوقاپلا كەتتى. دادامغا ئەھۋالنى ئېيتتىم. دادام:

— ئاستا بېرىپ باققىن، — دېدى. بويناقنىڭ كەينىدىن بارغىنىم بىلەن تىك يارنىڭ ئاستىنى كۆرەلمىدىم. بىرئاز ماراپ تۇرسام، بويناق يار ئاستىغا كىرىپ - چىقىپ جىددىي بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئەھۋالنى دادامغا يەتكۈزدۈم. بىز باشقا يەردىن تۆۋەنگە چۈشسەك بويناقنىڭ ئاغزى - بۇرنى قان بولۇپ كېتىپتۇ. دادام: «بويناق» دەپ ۋارقىرىسىمۇ قارىمايدۇ.

بويناق جىددىي ھۇجۇم ھالىتىدە يار تەرەپتىن قىچىپ چىققان بىر يىلاننى «كاپ» قىلىپ دەل ئوتتۇرىسىدىن چىشلەپ شۇنداق ئىتتىك ئىككى ياڭىقىغا «قاس - قۇس» قىلىپ ئۇردى - دە، تاشلىدى. يىلان مىدىرلىماي ياتاتتى. بويىناق دادامنى كۆرۈپلا غەلىبە قىلغان جەڭچىدەك يۇگۈرۈپ كېلىپ شارتتىدە كەينىگە ياندى. قارىسام، سۇ بويىغا بېرىپ ئېغىزلىرىنى چايقىغاندەك سۇ ئىچتى. مەن دادام بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يارنىڭ ئىچكىرىكى تەرىپىگە كىردۇق. ئالدىمىزدا قورقۇنچلۇق بىر ھالەت تۇراتتى. سانىنى بىلمەيمەن، خېلىلا جىق يىلاننىڭ ئۆلۈكى دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

— ئاپلا ! — دېدى دادام، — بۇ ئىش بولماپتۇ. بۇ خۇش بولغۇدەك ئىش ئەمەس. دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى، قۇرت - قوڭغۇز، جان - جانىۋارلارنىمۇ ئاللا ياراتقان، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق رولى بار. ئەمما، يىلاننىڭ قىساسى كۈچلۈك. ئەمدى بۇ كەپىدە تۇرۇشىمىز تەس. يىلانغا چېقىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆچ ئالىدۇ، توپلىشىپ ھۇجۇم قىلىدۇ، — دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ سۇ بويىدىن يوغان بىر ياغاچنى ئېلىپ بويىناقنى چاقىردى. دادام خۇددى ئادەمگە گەپ قىلغاندەك نارازى گەپلەرنى قىلىپ بويىناقنىڭ يامپىشىغا نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. بويىناق ئىشىنىڭ خاتا بولغىنىنى سەزگەندەك قىچىپ بېرىپ پۇتىنى يالاپ تۇردى.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دەيتتى دادام. دادام بەك خاپا بولسا مۇشۇ سۆزنى قىلاتتى.

دادام ئىككىمىز قىيان ئېقىتىپ كەلگەن چوڭ - كىچىك ياغاچلارنى سۆرەپ ئاپىرىپ ھېلىقى يارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئالدىنى بويناق كىرەلمىگۈدەك قىلىپ مۇستەھكەم توسۇۋېتىپ قايتتۇق. بىز قىرىق ـ ئەللىك مېتىر ماڭغۇچە بويناق مىدىر قىلماي تۇرۇپ قالدى.

مەن: «بويناق» دەپ ۋارقىراپ، قولۇمنى كۆتۈرۈپ بىز بىلەن ماڭ دېگەن ھەرىكەتنى قىلدىم. بويناق كەينىمىزدىن ئۇچۇپ دېگۈدەك يېتىپ كەلدى.

دادام بويناقنى ئۇچ كۈن باغلاپ قويۇپ جازالىدى. بىز بويناقتىن ئەنسىرەپلا قالدۇق.

ــ بىرەرىگە زىيان يەتكۈزۇپ قويسا بىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىك بولىدۇ بالام! بۇنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيلى،ــ دېدى دادام.

بويىنىقىمغا قاراپ، ئۇنىڭدىن يىراق كېتەلمەي كەيگە كىرىپ ئۆزۈمنى تاشلاپ تۇرۇشۇمغا، سىرتتىن كالا ـ قويلارنىڭ مەرىگەن ـ مۆرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىسام مالچى جۇماقنىڭ كالىلىرى قوناقلىق ۋە قوغۇنلۇققا يامراپ كېتىپتۇ.

ئىككى ئادەمنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپلا، بويناقنى شۇ تەرەپكە شەرەت قىلىپ قويۇۋەتتىم. مەن يېتىپ بارسام، بويناق جۇماقنىڭ پاقالچاق، تېقىملىرىنى چىشلەپ ئالغانىكەن.

ــ ئۆتۈنەي، ئاكا... ئىتىڭنى تارت،ــ دەپ زارلاۋېتىپتۇ جۇماق. مەن بويناقنى چاقىرىپ جۇماقتىن ئاجرىتىۋالدىم. دادام كالاڭنى توس دېسە، ئۇ ئۇنىماي ئاخىر دادامنى ئۇرغانىكەن.

ــ بۇنى بىلگەن بولسام يەنە بىردەم قويۇپ بېرەركەنمەن،ــ دېدىم.

ــ مۇشۇمۇ يېتەرلىك، بولمىسا بالاغا قالىدىغان ئىش

چىقىدۇ، ــ دېدى دادام. دادام ئېھتىياتچان، سەۋرچان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق كېلىشمەسلىك چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئويلايتتى. كەچ كۆز كىرىپ قالغانىدى. بۇ يىلقى مەھسۇلاتىمىز ئالدىنقى يىلدىكىدىن ياخشى بولدى دەپ دادام ئوبدانلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ــ مۇشۇ چۆپلەرنى ئورۇۋېلىپ، كۈزلۈك تاۋۇزدىن شەھەرگە بىرقانچە رەت ئەكىرىۋالسام، ئىشلارمۇ بىر تەرەپ بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىگە كۆچۈپ بېرىپ سېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىمەن، ــ دېدى دادام. مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. بويناق بىلەن قاراۋۇللۇقنى كۈچەيتتۇق. بويناقنىڭ يىراق - يېقىنلارغا داڭقى تاراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلار بىزنى بوزەك قىلالمايدىغان بولغانىدى.

بۇ يىل كۆپىنچە كۈنلىرىم بويناق بىلەن ئۆتتى. مەكتەپكە بېرىش ئارزۇيۇممۇ كۈچەيگەنىدى. كىم بىلىدۇ، بويناق بىلەن ئۆتكەن قايناق بالىلىق ھاياتىم مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ قالامدۇ تېخى.

دادام ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ، مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگۈچە دەرسلەر باشلىنىپ كەتكەنىكەن. بازاردىن ئالغاچ چىققان دەپتەر - قېرىنداشلارنى دادام تىكىپ بەرگەن لاتا سومكىغا سېلىپ مەكتەپكە باردىم. دادام مېنى توختى خوجا مۇئەللىمگە تاپشۇردى. مۇئەللىم مېنى بالىلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن 1 - يىللىقلار رېتىگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر سىنىپتا بىرنەچچە يىللىقلار تەڭلا ئوقۇيدىغان بولۇپ ھەممىسى بىرلا مۇئەللىمدىن دەرس ئالىدىكەن.

باشقا بالىلارنىڭ دەرسلىرىنى ئۆتۈپ بولۇپ، مۇئەللىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندە بۆلەكچىلا جىددىيلىشىپ كەتتىم. ئۇ چاغدىكى خۇشاللىق ئارىلاش جىددىيلىكنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. مەن خۇددى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، يەردە ئەمەس ئاسماندا لەيلەپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى. مۇئەللىم تىترەپ تۇرغان قوللىرىمنى تۇتۇپ «1» رەقىمىنى باشلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ مەن ئارزۇ قىلغان، دادام ئارمان قىلغان ئوقۇش ھاياتىم باشلاندى. مەكتەپ، ئۇ يەردىكى قايناق ھايات، ساۋاقداشلىرىم، ئۆتۈلۈۋاتقان دەرس مەن ئۈچۈن بەكمۇ قىممەتلىك ئىدى. مەن ئاران ئېرىشكەن ئوقۇشقا پۈتۈن زېھنىم بىلەن كىرىشىپ كەتتىم.

ئەتىگەنلىكى بەكمۇ سەھەر مەكتەپكە ئاتلىناتتىم. بويناق مېنى مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن يەرگىچە ئەكىلىپ قويۇپ كەينىگە ياناتتى. كەچتە مەن قايتقۇچە يەنە شۇ يەردە ساقلايتتى. مەن مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن دادام: «ۋاي بالام! ئىتىڭ ئالدىڭغا نەچچە رەت باردى» دەيتتى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلدۇق. جاپالىق كۈنلىرىم ئاخىرلىشىپ، ئەتىگەنلىرى مەكتەپكە ۋاقتىدا بېرىپ، چۈشتە ئۆيىمىزدە چاي ئىچىدىغان بولدۇم. مەكتەپتە ئوقۇش، ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئويناش، ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەش قاتارلىق ئىشلار ماڭا نىسبەتەن بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك دادام تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

ئۇزاق يىللىق جاپالىق ئەمگەك، ھېرىپ - چارچاشلار دادامنى ھالسىرىتىپ قويغان بولسا كېرەك. ئۆينىڭ ئاش - تامىقى ۋە باشقا ئىشلار مېنىڭ بېشىمغا يۈكلەندى

شۇنداق بولسىمۇ دادام مېنى مەكتەپكە بېرىشقا ئالدىرىتىپ تۇراتتى. مەن دەرسىمگە دەخلى يەتكۈزمەي ئوقۇدۇم. مۇئەللىم مېنى ماختاپ كەتسە، بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى. ئەتىياز كۈنلىرى يېقىنلاشقان بولسىمۇ، دادام ئانچە ئۆزگە كېلەلمىدى. بۇ يىل يەر تېرىلمايدىغان ئوخشايمەن دەپ، ئورتاقچىمىزنى چاقىرتىپ يەرلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتتى.

— سېنى ئون بەش ياشقىچە ئوقۇتۇپ قويسام بولاتتى، — دەيتتى دادام. مەن گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي:

— مەن ئوقۇۋاتىمەنغۇ، دادا! — دەپ ماختىنىپ كېتەتتىم.

مەكتەپتىن خۇشال قايتىپ كەلسەم بويناق ئالدىمغا چىقمىدى. بويناق دەپ ۋارقىراپ هويلىغا كىرسەم دادامنىڭ بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ. بويناقنى باغلاپ قويۇپتۇ.

دادام ئارانلا ئىشىك تۈۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەهەللە ئاقساقىلى نەچچە رەت ئۆستەڭگە — هاشارغا بار دەپ كەلگەنىكەن.

— دادا، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدىم.

— بالام، ئىش چاتاق، بويناق مەهەللە ئاقساقىلىنى خاپا قىلىپ قويدى. ئاقساقالنى يالۋۇرۇپ ئاران يولغا سالدىم، — دېدى.

— زادى قانداق بولدى دادا؟ — دېدىم مەن.

— ئەتىگەن ئاقساقال كىرىپلا مېنى تىللاپ كەتتى. «هاشارغا دېسەم ئاغرىق دەيسەن، بىر ئوبدان يەپ - ئىچىپ ئولتۇرۇپسەنغۇ» دېدى. مەن، پۇت - قولۇمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەقەتلا ماغدۇرى يوق دېگىنىمنى بىلىمەن، ياقامدىن تۇتۇپ تالاغا سۆرەپ چىقىپ ئۇرغىلى تەمشەلگەندى. بويناق ئېتىلىپ كېلىپ ئاقساقالنى مەيدىسى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى. يەنە بېسىپ تالىغۇسى بار ئىدى، ۋارقىراپ توختىتىۋالدىم. ئۇنۇمنى ئاڭلاپ قوشنىلار يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاقساقالنى يۆلىدى. مەن ئاقساقالغا يالۋۇردۇم، ئۆتكەندە سېنى ئاقساقالنىڭ ئىتىدىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ ئۇلارنىڭ ئىتىنى خېلىلا قاتتىق تالىغانىكەن، شۇلارنىمۇ باشقىلارغا دەۋاتىدۇ تېخى. باشقىلارمۇ: «بۇنداق يامان ئىتنى باقمىسىلا بوپتىكەن» دېيىشتى. مەن گەپ قىلالماي قالدىم.

— دادا، بويناق يامان ئەمەس. ئۇ گەپ ئۇقىدۇ. سېنى بوزەك قىلدى دەپ ئاقساقالنى چىشلىگەن گەپ، — دەپ بېرىپ بويناقنى سىلاپ يىغلاپ كەتتىم. كۆڭلۈمدە: «بويناقتىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە قالدىم.

دادامنىڭ خىيالدا قالغىنىنى كۆرۈپ ماڭىمۇ ئەنسىز چىلىك ياماشتى. مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن كەچتە چايلا ئىچتۇق. ئاخىر دادام بىر نىيەتكە كەلگەندەك تۇراتتى. كەچتە خەۋەرنى ئاڭلىغان قوشنىلار بىر - بىرلەپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭمۇ گەپلىرىنىڭ ئۇرانىدىن بويناققا بىر خەۋپ بارلىقىنى سەزدىم.

دادام مېنى: «تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلە بالام» دەپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى.

بىر هازاغىچە گۇڭۇلداپ پاراڭلاشقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇردى. نېمە دېيىشكىنىنى بىلەلمىدىم.

شۇنداق قىلىپ دادامنىڭ قارارى تەستىقلانغان ئوخشايدۇ. قولۇم ـ قوشنىلار: «ئەمىسە ئۆزىڭىز دېگەندەك بولسۇن» دېيىشىپ تارقىلىشتى. مەنمۇ خەتلىرىمنى تېزلا يېزىپ بولۇپ قولىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى تىڭشاۋاتاتتىم. بىر ۋاقىتتا دادام مېنى چاقىرىپ:

ــ بويناقنىڭ داڭقى چىققاندىلا مەن مۇشۇنداق بىر پالاكەت بولارمۇ دەپ ئويلىغانىدىم. مانا، ئاخىر يۈز بەردى، ــ دادام ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى، ــ ئەڭ ياخشىسى بويناق ئامان قېلىشى كېرەك، ئەمدى بويناقتا ھەرخىل خەتەرلەر بار. ئەسكى نىيەتلىكلەر بويناقنى كوچىلا ـ يىڭنە دېگەندەك نەرسىلەرنى يېگۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىز بۇ زەربىگە چىدىيالمايمىز. سەن ئەقىللىق بالا. مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەندىڭ. مەن ساڭا چوڭ باللاردەك مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم. مېنىڭ گېپىمگە كىر، بالام... بويناقنى ھېلىقى قازاق ئاغىنەمگە بېرىۋېتىش قارارىغا كەلدىم. سېنى گېپىمنى ئاڭلايدۇ دەپ، ھازىر كىرگەن سېتىۋالدى ئاكاڭدىن خەۋەر بېرىۋەتتىم، ــ دېدى.

ــ ماقۇل دادا! گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن. مەن ئوقۇيمەن، ــ دەپ دادامغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتىم. داداممۇ ئاران تۇرغانىكەن، بەكمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

ئەتىسى چۈش ۋاقتى ئىدى. دادام بويناقنى يەۋالسۇن دەپ يېرىم گوكەينى (قازان نان) چىلاپ ئاچىقىپ بەردى. بىزمۇ چاي ئىچىپ بولۇپ تۇراتتۇق. دادامنىڭ قازاق ئاغىنىسى تامىرتاغا كەلدى. ئۇ بىرمۇنچە قۇرۇت، سېرىق مايلارنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇچىسىدىكى جوۋىنى دادامغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېپىپ قويدى. دادام: «بۇ جۇۋا ساڭا تاغدا كېرەك بولىدۇ، ئۆزۈڭ كىيگىن، قۇرت ــ مايلىرىڭنى ئالاي» دېدى. بويناقنى زەنجىر بىلەن باغلاپ باشلىرىنى سىلاپ، دادام ئۆز قولى بىلەن ئاغىنىسىگە تۇتقۇزدى. بويناق خۇددى بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك، قارشىلىق بىلدۈرمەي ياۋاشقىنا تامىر تاغىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بىزگە ئانچە تارتىشمىدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆزۈمگە ياشتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. «بويناق» دەپ ۋارقىرىسام، ئالا قايتىپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. دادامنىڭ گەپلىرى قۇلاق تۈۋىمدە ئىدى... بويناقنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردۇم. ماڭا بۇ قورۇ بىردىنلا كېڭىيىپ، چۆلدەرەپ كەتكەندەك بىلىندى. دادامدىن:

ــ بويناق ئەجەب قارشىلىق بىلدۈرمىدىغۇ؟ ــ دەپ سورىدىم. دادام:

ــ ئىتىڭ گەپ ئۇقىدىغان تۇرسا، ــ دەپ چاقچاقلا ئايلاندۇرۇپ جاۋاب بەردى، ــ ئەمدى بالام، سەن ئوقۇشۇڭغا كۆڭۈل بۆلگىن. «ئىشىكى يوق موللامنىڭ قولىقى تىنچ» دەپ، بىر ھېسابتا بۇمۇ توغرا بولدى، ــ دېدى بېشىمنى مېھىر بىلەن سىلاپ تۇرۇپ.



# تىرىك يېتىملار ئاھى

www.uyghurkitap.com



# بىرىنچى باب  تىپىۋىلىنغان خەت

«ئاتىسى ئۆلگەننىڭ ياقىسى يىرتىق» دېگەندەك روھ ــ ۋىجدان جەھەتتىن ئۆلگەن بىر ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ پىشكەللىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ.

تاسادىپىي مۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ قېلىشىم تىرىك يېتىملارنىڭ ھەسرەتلىرى بىلەن تولغان خەتنىڭمۇ ئۆز مەنزىلىگە يېتەلمەي يولدا چۇشۇپ قېلىپ، ئىگىسىنى داغدا قويۇشى سەۋەب بولدى.

يەكشەنبە بازار، پەيشەنبە بازار كۈنلىرى ناھىيەمىزنىڭ ئىچى ھېيت ــ بايرام كۈنلىرىدىكىدەك ئادەملەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ، ئېلىم ــ سېتىم ئىشلىرى قايناپ كېتىدۇ.

مەن يەكشەنبە كۈنى نەرسە ــ كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتىم. تونۇش ــ بىلىشلەر بىلەن كۆرۈشە ــ كۆرۈشە، سۆزلىشە ــ سۆزلىشە سايىنىڭ چوڭ كۆۋرۈكىگە كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قاپتىمەن. كۆۋرۈك بېشى سېتىقچىلارنىڭ تۇتاش يايمىسى بىلەن تولغانىدى. مەن بىر دانە قول ھەرىسى، بىر دانە قايچا سېتىۋېلىش ئۈچۈن يايمىلارغا سەپسېلىپ مېڭىشقا باشلىدىم. يېغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىگە بىر چېتى چىلىشىپ قالغان غەيرىيىرەك بىر كونۇۋېرتقا كۆزۈم چۇشۇپ قالدى. دەسلەپ: «بۇ بىر تاشلاندۇق نەرسە بولسا كېرەك» دېگەننى ئويلىدىم. بىراق يەنىلا ئۇنىڭغا نەزىرىم ئاغدۇرۇلدى. «توختىغىنا، بىرەرىنىڭ چۇشۇرۇپ قويغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇھىم نەرسىسى بولۇپ يۇرمىسۇن يەنە، ئېلىپ قاراپ باقمايمەنمۇ؟!» دەپ ئېغىشىپ ئالدىم ـ دە، سىلكىشلىۋېتىپ زەڭ سېلىپ قارىدىم. بۇ دەپتەر ـ كىتاب تاشلايدىغان سارغۇچ قېلىن قەغەزدىن ياسالغان كونۋېرت ئىدى. ئەمما ئىشلىتىلىپ بولۇنغان كونۋېرتنىڭ بىر يان قورسىقى توغرىسىغا كېسىلگەن بولۇپ، بەئەينى ئىككى قاپلىق ھەميانىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە ئون ـ يىگىرمە تىيىنلىقتىن جەمئىي بىر يۈەن ئالتە مو، يەنە بىر تەرىپىدە چىرايلىق قاتلاپ سېلىنغان، ئالدى ـ كەينىگە ئۇنچىدەك ئۇششاق خەتلەر تولدۇرۇپ يېزىلغان تۆت ۋاراق قەغەز بىلەن خەتنىڭ داۋامى يېزىلغان بىر بولاق قەنتنىڭ قەغىزىمۇ سېلىقلىق ئىكەن. قەغەز خېلىلا نەم تارتىپ كەتكەن بولسىمۇ، خەت ماي قەلەمدە يېزىلغاچقا بىمالال ئوقۇغىلى بولاتتى. بىرەيلەننىڭ پوچتىخانىغا سېلىش ئۈچۈن ئەكېتىۋاتقان خېتى ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىراۋنىڭ خېتىنى رۇخسەتسىز ئوقۇش، تېلېفونىنى مەخپىي ئاڭلاش قانۇنغىمۇ، ئەخلاق ۋە مەدەنىيلىككىمۇ خىلاپ ھەم زىت ئىش. مەن كۆۋرۈك بېشىدا بۇ نەرسىنى يوقاتقان ئادەمنى ئىزدەپ كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئادەملەرگە خېلى بىر ۋاقىت زەن سېلىپ تۇردۇم. ئەپسۇس، ئۇنداق قىياپەتلىك، ئۇنداق بىر ھاجەتمەن بايقالمىدى. خەتنى تاشلىۋېتىشنىڭ ئورنى يوق. قانداقتۇر بىر بىچارىنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ خېلىلا بىئارام بولدۇم. بۇ ھەميانسىمان كونۋېرتنىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىمداپ تۇتقىنىمچە تۆت كوچىدىن ئۆيۈم

تەرەپكە قايرىلغانغا قەدەر ئادەملەرگە سەپسېلىپ قاراپ ماڭدىم. نەرسىسىنى يوقاتقان ھېچكىم ئۇچرىمىدى. ئۇچرىغىنى: «ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالدى» دەپ مېنى ئىزدەپ كېلىۋاتقان كەنجى ئوغلۇم بولدى.
مەن: «خەتنى ئۆز ئىگىسىگە بۇيرۇغان بولسا بىر گەپ بولۇپ قالار» دېگەن ئويغا كەلدىم ـ دە، تۆش يانچۇقۇمغا سېلىپ، سودا ـ سېتىقىمۇ قىلالماي ئالدىراپ ئۆيگە قايتتىم.
مېھمان كەچلەپ قايتتى. مېھماننى كۇتۇش ۋە سۆھبەت جەريانىدا مېنى تېپىۋالغان خەتنى كۆرۈپ بېقىش خىيالى چۇلغىۋالدى. «بىرەر ئادرېس ياكى تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ خېتى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، يوللاپ بېرەرمەن» دېگەن شېرىن خىيالدا شىرەگە كېلىپ خەتنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم.

※ ※ ※

## سالام خەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىز ئۇچۇن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ مېھرىبان رازىيە ئاپا!
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىزدىن بىردەممۇ ئايرىلىشقا چىدىمايدىغان كۆيۈمچان زۇلپىيە ھەدە، قەدرىيە ھەدە، ھۆرىيەت، زۇمرەت سىڭلىم!
ياخشىمۇ سىلەر؟ سالامەت تۇرغانسىلەر؟
مانا، «8 ـ مارت» خانىم ـ قىزلار بايرىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋىتى بىلەن بىزدىن: رامىلەم، ئۇكىلىرىم ھەلىمە، قۇدرەت، ئابىت، قەلەم تەۋرەتكۈچى سانىيەلەر سىلەردىن قىزغىن ئەھۋال سورايمىز. بايرىمىڭلارنى تەبرىكلەيمىز! شۇ تۇرقىدا سىلەر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەركىن؟ نېمە ئوي - خىياللاردا بولۇۋاتىسىلەركىن؟ بەلكىم بىزگە ئوخشاشلا سىلەرمۇ بىزنى سېغىنىشلار ئىچىدە ئەسلەۋاتقان بولۇشۇڭلار مۇمكىن.

ئاپا، جۇدالىق توغرىسىدا گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالاتتىم. ئەمما، جۇدالىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن ۋە بىلمىگەنىكەنمەن... مانا، ئەمدى بىلدىمكى، ئۇچ بوغۇملۇق بۇ سۆزنىڭ ۋەزنى تاغدىنمۇ ئېغىر ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ئاپا، سىز مېھماندارچىلىقتا ياكى بازارغا سودا - سېتىققا كېتىپ قايتىپ كەلگۈچە يولىڭىزغا قاراپ، كوچا دوقمۇشىغا يېنىش - يېنىشلاپ چىقىپ كۆزلىرىم تېشىلگۈدەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇنداق چاغلاردا قانداقلا بولمىسۇن ئۆيىمىزگە يېنىپ كېلەتتىڭىز ئەمەسمۇ؟ ئالغاچ كەلگەن شىمشىكا - پۇرچاقلىرىڭىزدىن، توي - تۆكۈندىن ئېلىۋالغان چاچقۇلارنى ئېتەكلىرىمىزگە تۆكۈپ بېرەتتىڭىز ئەمەسمۇ؟ مانا، باشقا كەلسە ئامال يوقكەن. شۇم تەقدىرنىڭ يوقىلاڭ باھانە - سەۋەب، ھەرخىل ئېپلاس ۋاسىتىلەر بىلەن بىز ئانا - بالىلارنىڭ شەپقەتسىز ھالدا ئايرىۋېتىلگىنىمىزگىمۇ ئىككى يىلدىن ئاشتى. بۇ جەريانلاردا كۈنىگە قانچە - قانچە قېتىملاپ كوچىغا چىقىپ سىلەرگە، سىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاللىكىملەرگە تەلمۈرۈپ قاراپ كەتكەنلىرىمىزنى بىر ئۆزىمىز بىلىمىز. بىزگە خۇددى سىز غۇلاچ يېيىپ «جېنىم بالىلىرىم!» دەپ قاياقتىندۇر كېلىپ

قالىدىغاندەك، بىزنى باغرىڭىزغا باسىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتكەن مىنۇت ـ سېكۇنتلارنىڭ ھېسابىنى بىلمەيمىز. بەلكىم سىزمۇ يولىمىزغا قارايدىغانسىز؛ ئۆتكۈنچىلەر ئىچىدىن بىزنى ئىزدەيدىغانسىز؛ غاز قانىتى بولۇپ ئالدىڭىزغا پەيدا بولۇپ قىلىشىمىزنى كۈتىدىغانسىز ھەمدە نەقەدەر ئۈمىد قىلىدىغانسىز ـ ھە؟! تۇۋا، ئاپا، سىلەر بار يەرگە بىز، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ كوچا، بۇ قورۇغا سىلەر ئاياغ باسقىلى بولمايدىغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا يۇقىرىقىدەك شېرىن ئوي ـ خىياللاردا بولىدىكەن كىشى. نېمە دېسەم بولىدىكىن، جېنىم ئاپا، سىلەر يوق بۇ قورۇ، سىلەرسىز بۇ ئۆيلەر بەئەينى بىر چۆللۈككە، بۆرىلەر ھۇۋلاپ تۇرىدىغان جاڭگاللىقلارغا، جىن ـ ئالۋاستىلار مارىلاپ تۇرىدىغان ئەسكى تاملىقلارغا، ھەتتا بەزىدە گۆرىستانلىقلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن. كۈنلەر ئۇزاق، تۈنلەر ئازابلىق سېزىلىدىكەن...

ئاپا، سوتنىڭ ھۆكمىدىن كېيىن سىلەر بىلەن يىغا ـ زار ئىچىدە ئايرىلدۇق. شۇنىڭدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا سىز جەنۇبقا تۇغقان يوقلاشقا كەتتىڭىز. دادام ئۆيىمىزگە پات ـ پاتلا ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان، ھەتتا بەزىدە قوندۇرۇپمۇ قالىدىغان سەتەڭ خوتۇن بىلەن بىر ئاخشىمى نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەمرىگە ئېلىۋالدى. بۇ ئەھۋاللارنى نەۋاقتىكى بىر خېتىمدا يازغانىدىم. ئەمما، بەزى ئىشلارنى جاراھىتىڭىزگە تۇز سەپكەندەك قىلماي دەپ يازمىغانىدىم.

ئۇ خوتۇن دەسلەپ دادامنىڭ ئالدىدا: «ۋاي بالىلىرىم» دەپ قويۇپ يۈردى. كېيىن دادام ئېتىمىزغا، بازار ۋە ئۇياق ـ بۇياققا كەتكەنلەردە بىزنى دۆشكەلەپ، سەتلەپ خۇددى دۆنى كۆرگەندەك نەشتىرىنى سانجىپلا تۇرىدىغان

بولۇۋالدى. قورسىقىمىز ئاچسا نان دېيىش نەدىكىنى، بىرەر چۆمۈچ سۇنىمۇ خالىغانچە تۇڭدىن ئېلىپ ئىچەلمەيمىز. «ۋۇي سۇ خالتىلىرى، ۋۇي سۇ كاللىرى، سۇغىمۇ تويۇشمايسەنا؟!» دەپ تەنە قىلغىنىنى قىلغان. تاماق ۋاقتىدىمۇ سىزدەك: «باللىرىم، يەنە يەمسىلەر، ئىچەمسىلەر؟ ئازراق يەۋىلىڭلار» دەپ تۇرىدىغان ئىشلار ئەسلا يوق. ئۇنداق شەپقەتلەرنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. «قىز بالا دېگەن تاماقنى ئاز يەيدىغان. نەپسى يامان قىزلارنى چوڭ بولغاندا ئەر ئالمايدۇ» دەپ نەدىكى سەت گەپلەر بىلەن بىزنى غىتقلا تويغۇزۇپ قويىدۇ. ئۇكىلىرىمنى: «كىچىك بالا دېگەن ياتار قورساقتا ئاز تاماق يېسە ئەقىللىك بولىدۇ. يېگۈلۈك دەپ يەۋەرسە ئورنىغا چىقىرىپ قويىدۇ» دەپ ئازراق تاماق بىلەن بولدى قىلغۇزۇپ قويىدۇ. تاۋۇز - قوغۇن، ئۈزۈم - شاپتۇللارغا، ئومۇمەن داستىخانغا يۈرەكلىك قول سۇنالمايمىز. ئالدىمىزدىكى ئۇ نەرسىلەردىن شۇنچىلىك يېگۈمىز بولسىمۇ، چىپ - چاپلا ئېغىزلىنىپ قالىمىز - دە، چەكلىنىمىز. «بۇنداق نەرسىلەرنى ياتىدىغان چاغدا ئاز يەڭلار، يېمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. بولمىسا يوتقان - كۆرپىنى لەپشىتىپ ئوسال قىلىپ ئولتۇرىسىلەر» دەپ بىزنى پارقىرىتىپ قويۇپ، دادامنى زورلاپ ئاغزى - بۇرنىغا تەڭلەپ كېتىدۇ. ئۆزى بولسا نەچچە قېتىملاپ بەھۇزۇر، تەتۇر چايناپ، «كار - كار» كېكىرىپ ئولتۇرۇپ قاچىسىدا ئاشۇرۇپ قويغۇچە يەيدۇ. بىز بولساق كېچىچە «ئۇر توقماق» ھېكايىسىدىكى ئېچىل داستىخىنىمدىكىدەك نازۇ نېمەتلەرنى چۈشەپ چىقىمىز - دە، ئاران دېگەندە ئەتىگەنلىك «خاس» غورىگىل داستىخانغا ئۇلىشىپ «ئۇھ» دەيمىز.

ئاپا، بۇ خەتنى يېزىشىمغا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار بىلەن بەزى پاراڭلاردىن كۆڭلۈم بەكلا ئازار يېدى. ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم. كۆز يېشىمنى توختىتالمايۋاتىمەن. ئاپا، بۇلارنى يازماسلىقىڭلا يۈرىكىم زادىلا چىدىمىدى. ئاپا، ئەگەر قۇشلارنىڭكىدەك بىر جۈپ قانىتىم بولغان بولسا، خەت يېزىپ يۈرمەيلا يېنىڭىزغا كۈنىگە نەچچە قېتىم ئۇچۇپ بېرىپ، هال - مۇڭۇمنى تۆككەن بولاتتىم. جېنىم ئاپا، بۇ خەتنى نېمە ئۈچۈن بۇنچە تەپسىلىي يازغىنىمنى بىلەمسىز؟ ئۆگەي ئانىنىڭ خورلۇقلىرى بىر نۆرى، ئۇنىڭ سىزنى ئەرگە تەگكۈدەك دېگەن گېپى مېنىڭ ئەقىل - هوشۇمنى بوغۇزلاپ ساراڭلا قىلىپ قويىدى. راستىنلا توي قىلامسىز ئاپا؟ بىز سىزگە كېرەك ئەمەسمۇ؟ باشقىلارغا ئۆگەي ئاپا بولغۇچە بىر ئامالىنى قىلىپ ئۆز پەرزەنتلىرىڭىزگە ئاپا بولسىڭىز بولمامدۇ - هە؟! ياكى بىزگە ئاپا بولۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟

ئاپا، مەندىن رەنجىمەڭ. بەلكىم پىغانىمغا پايلىماي ئاشۇرۇۋېتىپمەن. قانداق قىلىمەن، مەنمۇ ئاشۇ ئۆكلىرىمدەك كىچىك بولۇپ قالماپتىمەن. 7 - يىللىقنى ئوقۇۋاتقان مەندەك بىر قىزنىڭ بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن سەۋر قاچىسى كىچىكلىك قىلىپ قالدى. ئاپا، زەينەپ هەدەمغۇ بۇ خىل ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىگىتى بىلەن قېچىپ كەتتى. بارلىق بالايى - بەتەر ماڭىلا قالدى. هەدەمنىڭ بىزنىڭغۇ تاشلاپ كەتكۈسى يوقتى. ئەمما، ئۆگەي ئانا بولغۇچى زىۋەرنىسا هە دېسە هەدەمنى دادامغا چاقىچاقا، دادام هەدەمنى هۆل چىۋىق بىلەن بەدەنلىرى تىتىلىپ كەتكۈچە ئۇردى. هەدەم ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۈن ھېچ نەرسە يېمەي يېتىپ ئۈچىنچى كۈنى يوقاپ كەتتى. ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئېتىۋالدىمۇ دەپ ئەنسىرەپ ئۆستەڭنى ياقىلاپ بىر نەچچە توسما، شارقىراتمىلارغىچە باردىم. ئەمما، كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھەدەم ھاياتكەن، ئۇ ياخشى كۆرۈشكەن يىگىتىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋاپتۇ. ھەدەمنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن يىگىتىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ھەدەمگە ئىچ ئاغرىتىپ قوبۇل كۆرۈپتۇ. ئادەم ئەۋەتكەنىكەن، دادام: «ئۇنداق قىزىم يوق، بىر تۇخۇمنىڭ سېسىغىنى سېسىغان. كۆزۈم كۆرگۈچى بولمىسۇن. نىكاھ قىلدۇرۇۋېلىڭلار» دېدى. بۇ ئىشلاردىن بەلكىم خەۋەر تاپقانسىز؟

ئاپا، ئىش مۇنداق بولدى. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى كەچلىك تاماقنى يەپ ئولتۇرۇپ ئۆگەي ئانا بولغۇچى زېۋەرنىسا بىزنىڭ بار-يوقىمىزغا پىسەنتىمۇ قىلىپ قويماي، قاشلىرىنى ئوينىتىپ، مۇرىسىنى چايقاپ، بېلىنى تولغاپ ئىنچىكە، چىرقىراق ئاۋازى بىلەن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە دادامغا شۇنداق دېدى: «ۋۇي قاسىمجان، سىزگە خۇش خەۋەر، ئەمدى خاتىرجەم بولسىڭىز بولغۇدەك. ھېلىقى رازىخان (سىزنى دېمەكچى) دېگەن خوتۇنىڭىز ئەرگە تېگىدىغان بولۇۋېتىپتۇ. «چاشقان كاماردا، مۈشۈك تامادا» دېگەندەك سىزنى مېنىڭدىن تارتىۋېلىش تامايىدىن ئاخىر ۋاز كېچىپتۇ. ئېھتىمالىم، بۇ يەردىن بىر-بىرلەپ قېچىپ بېرىۋالغان ساقلاندىلىرى بىلەن يەتكۈچە قېينالغان چېغى. ئۇنداق تىڭتىڭلاپ، مۇنداق غودۇراپ يۈرۈپ بولالماي بەل قويۇۋېتىپتۇ. ھاھ-ھاھ-ھاھ...ماڭا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ-دە، ئۇ داڭلىقىنىڭ، ھى-ھى-ھى...» دەپ ۋالىسقا

پىرقىرىغاندەك ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى. دادام بولغان ئادەممۇ ھىجىيىپلا ئولتۇردى. مېنىڭ دىمىم تۇتۇلۇپ بىرقىسمىلا بولۇپ كەتتىم. بىچارە ئۇكىلىرىم ھاڭۋېقىپ دادامغا، ئۆگەي ئاپامغا، ماڭا ۋە بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە كۆزلىرى ياغ قۇيغاندەك پارقىراپلا قېلىشتى. ئەھۋالىمىزنى بايقىغان زىۋەرنىسا دەرھاللا: «قېنى، سامانلىق توشقان بولسا (قورساق تويغان بولسا دېمەكچى) تۆرنى پەگاھقا تارتىپ ياتىقىڭلارغا چىقىڭلار. داداڭلار ھېرىپ كېتىپتۇ. ۋاقتىدا يېتىپ ئارام ئالسۇن. سىلەرمۇ ۋاقتىدا ئۇخلاڭلار. قولاق موللىسى بولۇپ كۆزلىرىڭنى تام تۆشۈكىدەك پارقىرىتىشىپلا تۇرماي سىيىپ ـ چىچىپ كىرىپ ئۇخلاش» دەپ قوللىرىمىزدىن بىر ـ بىرلەپ تارتىپ تۇرغۇزۇپ، دولىمىزدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

ئاپا، زىۋەرنىسا ئىككى ئېغىز ئۆيگە يانداش بولۇۋىدىكى ھېلىقى نەرسە ـ كېرەك قويىدىغان قاراڭغۇ ئامبارنى بىزگە ياتاق ئۆي قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدا پەقەت بىر پارچە تىتىلىپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن كىگىز، پاختىلىرى كاللەكلىشىپ، بار يېرىدە بار، يوق يېرىدە يوق بىر پارچە يوتقان بىلەن ئىككى سامان تىققان تەكىيىلا بار بولۇپ، كەچ كۈز كۈنلىرىدە ئۇششۇك چۈجىلىرىدەك ئاشۇ ئەسكىلىكتە پوملاقلىشىپ ياتىمىز. بۇنداق چاغلاردا ئۇكىلىرىمنى سىزگە ئوخشاش چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ، بەزىدە رادىيو ـ تېلېۋىزوردىن ئۆگىنىۋالغان ناخشىلىرىمنى ئەللەي ناخشىسىدەك غىڭشىپ ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلىتىپ قويىمەن. ئۆزۈم قانداق چاغلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلەلمەي قالىمەن. ئەمما، بايا ئاڭلىغان سىزنى ئەرگە تەگكۈدەك دېگەن شۇم خەۋەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن بۇگۇن كىچىچە ياندىش ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئالامەتلەر چاشقان قاتتىق نان غاجىلىغاندەك يۇرىكىمىزنى غاجاپ ھالىمىزنى قويمىدى. بىز يېتىۋاتقان ئۆي ئامبار ھېسابىدا بولسىمۇ قولىمىز قىسقا چاغدا سېلىنغان كۆڭۈللۈك ھۇجرىمىز ئىدى. بۇ ھۇجرىمىز جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنچاق جايلاشقان ھويلىمىزنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى يازلىق چايخانا بىلەن سەل قىيپاش ئۇدۇل بولۇپ، شۇ چايخانىنىڭ ئاقارتىلغان تېمى بۈگۈن بىزگە «غەيرىي كونسېرت»نىڭ بىلەتسىز ئېكرانى بولدى. كېيىن بىرپەس بۇلۇڭغا غۇژمەكلىشىپ، دېمىمىزنى يۇتۇپ ئولتۇرۇشتۇق. تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان نورۇزلۇق سەنئەت كېچىلىكى ناخشا ـ ساز دېسە جېنىمىزنى بېرىدىغان بىز ئۈچۈن ھېچقانداق تەسىر كۆرستەلمىدى. ئۆگەي ئانىمىزنىڭ بەزى ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىپ چىرقىراپ ئېيتقان ناخشىلىرىمۇ بىرەبىر قۇلىقىمىزغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. بەزىدە «دوك ـ دوك» قىلىپ يەرنى رىتىملىق، رىتىمسىز تەپكەن ئاياغ تاۋۇشىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. بۇ چاغدا ئۆگەي ئانىمىزنىڭ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلدۇق. ئۇ خۇشى تۇتۇپ كەتكەندە ئاشۇنداق ساماغا چۈشۈپ كېتەتتى. كىچىك ئۇكام تەرەت قىلغىلى چىقىپ كەتكەندى. ئۇ ئالدىراش قايتىپ كىرىپ: «ھەدە ـ ھەدە، دادام ـ ئاپاملار بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ» دېدى. بۇ ئىشقا ئىچىقىمىز كەلسىمۇ، بۇ تېتىقسىزلارنىڭ قىلىقىنى كۆرۈپ باققۇمىز كەلدى. ئەمما، ھويلىغا چىقىش مۇمكىنمۇ؟ ناۋادا، بىزنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگىنىمىزنى بىلىپ قېلىشسا، دادام بىزنى يەنە تورۇسقا ئېسىپ ئۇرۇشتىن يانمايدۇ.

بىز ئىشىكنىڭ دېرىزىسىگە يېپىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنى تاماشا قىلدۇق. تۇۋا! «ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس» دېگەندەك ئۇ ئىككى كېلەڭسىز بىرى ئورۇق، بىرى سېمىز «ئارتىس»نىڭ ئەپت ـ بەشرىسىنى يۇزتۇرا كۆرەلمىسەكمۇ چايخانىنىڭ ئاقارتىلغان تېمىغا چۈشۈپ تۇرغان ھەر خىل شەكىلدىكى شولىلىرىغا ئېكراندا بىمالال كىنو كۆرۈۋاتقاندەك تەلمۈرۈپ تۇرۇشتۇق.

ـــ ئەنە ـ ئەنە، ئۇلار بېقىشىۋاتىدۇ.

ـــ ئەنە ـ ئەنە، دادام ئىككى تىزىنى دەممۇدەم يەرگە ئۇرۇپ، ھەتتا يەرنى جەينەكلەپ ئۆزىنى ناز ـ كەرەشمىلەر بىلەن پەرۋانىدەك ئايلىنىۋاتقان زىۋەرەككە تەسەددۇق ئەيلەۋاتىدۇ.

ـــ ماۋۇ دادامنىڭ قىلىقىنى.

ـــ لاۋزىلىقىنى دېگىنە.

مەن ئاخىر چىداپ تۇرالماي:

ـــ ھەي ئۇكىلىرىم، دادامنىڭ نېمە قىلىقى بولاتتى، ھەممىسى جىننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان ئاشۇ ئالۋاستىنىڭ سېھىرگەرلىكى، ـــ دەۋەتتىم. يۇقىرىقى بىلەتسىز ئويۇننىڭ ئەركسىز مەھبۇس تاماشىبىنلىرى ئاشۇ تەرىزدە مۇلاھىزىلەر يۇرگۈزۈشتۇق.

ئەنە، شولىلار ئېكراندا قېتىپ قالغاندەك بىر گەۋدە ھالدا قېتىپ قېلىشتى. سازمۇ پەسكويغا چۈشكەندەك ئىدى. بىز ھوزۇرلىنىش ئەمەس، خورسىنىش، خورلىنىش ئىلكىدە لاسىدە بولۇپ، كۆزلىرىمىز ياش ھالدا ھەسرەت دەرياسىغا تاشلاندۇق. تەڭرىدىن شاپائەتلىك ئاۋاز كۈتكەندەك، ياق ئاپا، سىزدىن يېقىملىق بىر ئاۋاز كېلىدىغاندەك سامان ياستۇققا قۇلاقلىرىمىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com


مەھكەم ياققىنىمىزچە ئۇن ـ تىنسىز يېتىپ قالدۇق. كىچىك ئۇكام ئۇن چىقارماي ئېسەدەپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ سىزنى سېغىنىپ ئۇنسىز يىغلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

جېنىم ئاپا، سۆيۈملۈك، كۆيۈمچان ھەدىلىرىم، يۇقىرىقى ئىشلارنى يېزىپ، سىلەرگە دەرد ـ ئەلەملىرىمنى ئېيتىپ بىردەم بولسىمۇ ئىچىمنى بوشاتماي قانداق قىلىمەن. دەرد ـ ئەلەملەر تومۇر ـ تومۇرلىرىمىزدا لاتقا بولۇپ كەتتىغۇ. كىچىك ئۇكامنىڭكىدەك ئۇنسىز ۋە ئۇنلۇك نالە ـ پەريادلىرىمىزدىن زادى نېمىگە ئېرىشتۇق؟ چوڭ ھەدەم بىلەن ئىككىنچى ھەدەممۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدىن قېچىپ ئەرلىك بولۇۋاپتۇ. چوڭ ھەدەمغۇ ئازابقا چىدىماي ئاشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئىككىنچى ھەدەمچۇ؟ زادى نېمە ئىشلار بۇ ئاپا؟! ئەمدى سىزمۇ ئەرگە...

ياق، ياق ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ ئاپا! بەلكىم ئاشۇ ئالۋاستى ئېزىتقۇ خوتۇنىنىڭ بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يېيىش ئۈچۈن ئويلاپ چىقارغان گېپىدۇ، شۇنداقمۇ ئاپا؟ ئۇنداق قىلماڭ! ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ جۇمۇ! ئەگەر ئىش شۇنداق بولۇپ قالسا بىز تىرىكلا ئۆلىمىز. بىزنى ھەقىقەتەن ئىككى قوللاپ يالماۋۇز جادۇگەرنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بەرگەن بولىسىز. باشتا ئېيتقىنىمدەك، قايتىپ كېلىڭچۇ ئاپا. ھەممىمىز بىر بولۇپ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ئۇ ئۆي بۇزغان رەسۋا خوتۇننى ھەيدەپ چىقىرايلى ـ دە، كۆڭۈللۈك ئائىلىمىزنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇۋالايلى. باشقا يۇقىرى سوتلارغىمۇ ئەرز قىلايلى. مەن كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ھەم دوستلىرىم بىلەن

بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن قېتىم پاراڭلاشتىم. ناھەقچىلىككە ئۇچراپتۇق. كۆرگەنلا ئادەم شۇنداق دەيدۇ. مەھەللىدىكى ئەل - جامائەت بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىشىۋاتسا نېمىدىن قورقاتتۇق؟! قورقماڭ ئاپا، ئەرزىنى ئۆزۈم يازىمەن. نۇرغۇنلىغان ئەسكىلىكلەرگە ۋاقىت - سائىتى بىلەن ئۆزۈم گۇۋاھ بولىمەن. مەن مەكتەپتە نەسر يېزىش ۋە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىدە نۇرغۇن قېتىم بىرىنچى بولدۇم.

ئاپا، بىز سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمىز، سىزمۇ بىزنى جان - جېنىڭىزدىن ئۆتە ياخشى كۆرىسىزغۇ؟ ئاپا، رادىيو - تېلېۋىزوردا ئانا توغرۇلۇق ناخشا چىقسا ئىختىيارسىز يىغلىۋېتىمەن. چۈنكى، سىزنى بەك سېغىنىدىنم. ئاپا، بىلەمسىز، ئابىت ئۇكام مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش پائالىيىتىدە «جان ئانا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ بۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتقاندا كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇردى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىدىغانلارنىڭ تولىسى بۇ ناخشىنى كۆز - ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ تىڭشاشتى، ئاپا. دېمىسىمۇ ئانىلار توغرىسىدا ئېيتىلغان بارلىق ناخشىلار بىزنىڭ يۈرەك - زارىمىزغا ئايلىنىپ قالدى. ئانىلار ھەققىدە شۇنچە كۆپ ناخشىلار چىققان بولسىمۇ ماڭا يەنىلا ئازدەك تۇيۇلىدۇ. ئانا توغرۇلۇق ناخشىلارنى ئېيتسام - ئېيتسام باغرىم قانمايدۇ. پۇرسەت بولسىلا ئېيتىمەن. ھېچبولمىغاندا ئىچىمدە ئېيتىمەن. بۇنداق چاغلاردا ھېسسىياتىم پۇتۇنلەي سىز بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ يىل كەنتىمىزدە «8 - مارت» خانىم - قىزلار بايرىمى ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com


يىلقىدىن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. كەنتىمىزنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى خەلچەم ھەدەم مېنى بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، قايسى ناخشىنى ئېيتتىڭىز دېمەمسىز، سىز ياخشى كۆرۈپ ئېيتىدىغان «مېھرىبان ئانام» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردىم. يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئانا توغرۇلۇق ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ يۈرەكتىن چىقىپ يۈرەككە كىرىدىغانلىقى، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغانلىقى راستكەن. كۆپچىلىك ئۇزاقتىن ئۇزاق چاۋاك چېلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى تولۇق چۈشىنىدىغان خەلچەم ھەدەم ئالدىمغا كېلىپ كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ بېرىشىمنى ئېيتتى. ئاخىر «ئانا، نەلەردە سەن» دېگەن يېڭى ئۆگەنگەن ناخشامنى ئېيتىپ بەردىم.

بىر كۈنى رادىيودىن بىر شائىرنىڭ «ئانا، نەلەردە سەن» دېگەن شېئىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ شېئىر خۇددى مەن توغرۇلۇقلا يېزىلغاندەك شېئىرنى قەلەم ـ قەغەزنى تەخ قىلىپ تۇرۇپ ئىككى قېتىم تەكرار ئاڭلاتقاندا خاتىرىلىۋالدىم ـ دە، بەزى سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ بىر مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاھاڭغا سېلىۋالغانىدىم. ئۇكىلىرىمغا خالىي چاغدا ئېيتىپ بەرسەم ئۇلار ھاياجانلىنىپ ماڭا ئېسىلىپ يىغلىشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئۆزۈممۇ بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ تۇردى.

مانا، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. بىرنەچچە ئانىلار يېشىمنى سۈرتۈپ، بېشىمنى سىلاپ ماڭلىيىمدىن سۆيۈپ: «بەختىڭىزنى بېرەر خۇدايىم» دەپ تىلەك

تىلەشتى. بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىم (خەلچەم ھەدەمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك) تۇتام ـ تۇتام گۈللەرنى تۇتتى.

ئاپا، ئۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى خەتكە يېزىپ قوياي، ئوقۇسىڭىز بەلكىم نارەسىدەلىرىڭىزنىڭ پەرياد ـ نىدالىرىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ قالارسىز.

## ئانا، نەلەردە سەن

كەڭ ئالەمنىڭ جان ئانىسى،
ئەي مېھرىبان ئالتۇن قۇياش.
كەلگىن ـ كەلگىن يۇزۇمدىن سەن،
سۆيۈپ قويغىن ئاپامغا ئوخشاش.

تۇن كېچىنىڭ، يۇلتۇزلارنىڭ،
باشپاناھى ــ ئانىسى ئاي.
كەلگىن ـ كەلگىن چاچلىرىمنى،
تاراپ قويغىن خۇش بولۇپ قالاي!

مېنىڭ ئانام نەلەردىكىن؟
دادام خورلاپ ھەيدىۋەتتى...
يېڭى كەلگەن ئۆگەي ئانام،
چىدىغۇسىز خورلىۋەتتى.

سىلەر كىتىپ كېلىسىلەر،
كېلەلمەيدۇ ئامراق ئاپام...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


نالىمىزگە پىسەنت قىلماس،
روھى ئۆلگەن مېنىڭ دادام...

كۆندۈزنىڭ ئەي جان ئانىسى،
كېچىنىڭ ئەي جان ئانىسى!
بىزنى باغاش ئېتىڭلارچۇ!
ساقايسۇن بۇ دىل يارىسى!

ئاپا، جېنىم ئاپا! ئانا دېگەن ھەقىقەتەنمۇ شائىرلارنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك بەك ئۇلۇغ، بەك مېھرىبان ئىكەن ھەم جاپاكەش قەدىردان ئىكەن. مەن بۇلارنى سىزدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنلا تونۇپ يەتتىم. ئانا مېھرىنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە باسالمايدىكەن! جېنىم ئاپا، بىزنىڭ يېنىمىزغا تېزرەك قايتىپ كېلىڭە! بىر ئامالىنى قىلىڭچۇ؟ بىز ئۈچۈن بولسىمۇ بوينىڭىزنى ئېگمىڭ، ئاپا! مېھرىڭىزگە نەقەدەر تەشنا بىز!

ئابىت ئۇكاممۇ ئۆتكەندە ئانا توغرۇلۇق ناخشىنى ياخشى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن سومكا، دەپتەر، قەلەم بىلەن تەقدىرلەنگەنىدى. بۇ قېتىم يازلىق تەتىلدە كەنتىمىز ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ بەرگەنلىكىم، شۇنداقلا قىشلىق تەتىلدە دېھقانلارغا پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكىم ھەمدە بۇ يىل خانىم قىزلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ناخشا ئېيتىپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن بىر دۇتارنى مۇكاپات قىلىپ بەردى. ئاپا، بۇ دۇتار قارىماققا نەقەدەر ئاددىي بولسىمۇ ناھايىتى ساز، جاراڭلاپ تۇرىدۇ. سىز ئۆگىتىپ قويغان پەدىلەرگە چېلىپ باقتىم. ئەگەر يېنىمدا بولسىڭىز دۇتارنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىم!

بۇ يىلقى خانىم - قىزلار بايرىمى كەنتىمىزدە خېلىلا داغدۇغىلىق ئۆتتى. كەنتتىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. پەقەت سىزلا يوق بولۇپ قالدىڭىز. ناخشامنى ئېيتىپ بولۇپ سىزنى ئىزدىگەندەك كۆپچىلىككە بىر چەتتىن زەن سېلىپ قاراۋاتسام كىمنى كۆردىڭىز دېمەمسىز؟ ئايشەمخان قوشنىمىزنىڭ يېنىدا زىۋەرنىسا چىرايىدا قان يوق، مېنى يەۋېتىدىغاندەك قىلىپ ئولتۇرامدۇ... دەسلەپ ئۇنىڭ بۇ پائالىيەتكە كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ناخشىنىمۇ بەخىرامان ئېيتىۋېرىپتىمەن. ناخشىدا «ئۆگەي ئانام خورلىۋەتتى» دېگەن يەرلەر ئۇنىڭ زىتىغا راسا تەگكەن بولسا كېرەك، بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ ئولتۇرالماي قىلىۋاتاتتى. ھەتتا بىر كەمدە ماڭا تەرەپ - تەرەپتىن گۈللەر تۇتۇلۇۋاتقاندا، ئالدى - كەينىگە قارىماي پائالىيەت مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى. بىزگە پائالىيەتتىن كېيىن، پارنىكتا كۆكتات، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى توغرىسىدىكى سىن لېنتىسى قويۇپ بەرگەچكە ئۆيگە كەچرەك قايتتۇق. ئۆيگە كەلسەم زىۋەرنىسا بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ بولۇشىغا ئەزۋەيلەۋېتىپتۇ. «بۇ جۇۋاينىمەكلەرنىڭ يۇندىچىلىكىنى قىلسام، يېمىگەننى يېگۈزۈپ، دەسمال - پۇرۇچلىرىنى يۇيۇپ، تازىلاپ كىيگۈزۈپ، ۋاي باللىرىم دېسەم ‹ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى ماي ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر› دېگەندەك ئەل - جامائەت ئالدىدا ئۆگەي ئانام خورلىۋەتتى دەپ ناخشا ئېيتىپ مېنى بىر تىيىنغە ئالغۇسىز قىلىۋەتتى» دەپ دادامنىڭ بېشىنى قوچۇپ بىزنى چېقىۋېتىپتۇ.

«ۋۇي ساقلاندى (مېنى دېمەكچى)، پۈتۈن خەلقئالەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئالدىدا تەپ تارتماي ناخشا ئېيتقان بولۇۋېلىپ ئۆگەي ئانام خورلىنىۋەتتى دەيدا؟! مەنغۇ مەيلى، مۇنۇ دادا بولغۇچىنىمۇ ئاغزىغا پاتۇرۇپ، ئازغۇن دادام دەيدا؟! تېخى ئاسماندىكى ئاي ـ قۇياشلار بۇ «مەلىكە»نىڭ چىچىنى تاراپ قويارمىش. ئۆرگۈلىمەمدۇ كىشى! تېخى ئاي بىلەن قۇياش كەلمەس ئاپىسىنىڭ ئورنىدا كېلىپ قۇچاقلاپ سۆيۈپ، بىز زېدە قىلىۋەتكەن يۈرەك يارىلىرىنى ساقايتارمىش. مانا بۇ ناخشىمىش. توۋا، شۇنداق دەپ ئېتىنىڭ ئاشۇ قانجۇقى ھۇۋلىسا، ئولتۇرۇشقانلارمۇ سارالڭ بولۇشقانمۇ ـ ھە، خىمىيەۋى ئوغۇت ـ دورىلار بېرىلگەن نەرسىلەرنى يەۋېرىپ مېڭىسى ئۇماچ بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. خۇددى ئانىسى ئۆلۈشكەندەك مىشىلدىشىپ ياشلىرىنى ئېقىتىپ كېتىۋاتامدۇ؟ توۋا، توۋا! شۇنچە ئادەملەرگە نېمە بولغان زادى؟!»

گەپ بۇ يەرلەرگە يەتكەندە ئۆيگە ئوقتەك كىرىپ زىۋەرنىسانىڭ چىچىدىن ئالايمۇ دېدىم. يەنە ئۇكىلىرىم قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋالدىم.

بىرۋاقىتتا دادامنىڭ ئاۋازى چىقىپ قالدى. ئۇ نېمىلەرنى دېدى دېمەمسىز: «ۋاي بولدى قىلىسىڭىزچۇ؟ بۇنى قانداق قىلىشنى ئوبدان بىلىمەن. ئاۋارە بولماي ئېشىڭىزنى ئېچىڭە! كەنتنىڭ ئىشلىرىغا بولۇپمۇ سەنئەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايلى دېسەم، خەلچەم جۇرېن ئۇنداق دېدى، مۇنداق دېدى دەپ كارىڭىز بولمىدى. ئەمدىلىكتە بولىدىغان ئىش بوپتۇ، قانداق قىلىمىز ئەمدى.»

زىۋەرنىسا ئاۋازىنى تېخىمۇ بەكرەك قويۇۋەتتى: «ھە، مەن يامان قىلىمىدىم، ئائىلىمىزنىڭ نامىشەرىپىگە ياخشى بولار دەپتىمەن. ئۇ ئىشلارغا قاتناشتۇرمىساق،

ئۆز ئانىسى بولغان بولسا قاتتناشتۇراتتى، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قىلىنۋىدى، يېقىن يولاتمىدى دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ ئولتۇراردىم. بۇ يۇرتقا يېڭى كەلگەن مەندەك بىر تەلەيسىز خوتۇن تېخىمۇ يېتىم قالمامدىمەن. ھېلىمۇ، سىزنى دەپلا (دادامنى دېمەكچى) ئەل - جامائەتنىڭ سەت قاراشلىرىدىن تىكەن دەسسەپ، قوقاس كېچىپ يۈرۈۋاتىمەن. بۇ ئىشلار يەتمەيۋاتقاندەك مۇنۇ ساقلاندىلارنىڭ تېپىپ بېرىۋاتقان ئاۋارىچىلىكلىرىنى قارىمامدىغان؟! ھۇ - ھۇ، نېمە تارتقۇلۇق بۇ؟» زىۋەرنىسا يىغلاشقا ئۆتتى. دادامنىڭ يېلىنىشلىق نەسىھەت - ئىلتىجالىرى ئاڭلاندى. «بولدى قىلىڭچۇ، شۇنىڭغىمۇ يىغلاش كېتەمدۇ. ئاران تۇرغاندا ئاغرىپ قالمىسىز! ئون بەش مو يېرىمىزنىڭ كۆكىنى سېتىپ بىر ئاي داۋالانغىنىڭىز بىر تىيىن بولىدۇ. يەنە دوختۇرخانىغا كىرىپ قالسىڭىز، ئۇ چاغدا مەن قانداق قىلىمەن. ماڭىمۇ، ئۆزىڭىزگىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. قويۇڭە، قويۇڭە! كۆلۈۋېتىڭە بىر. مەنمۇ ئاران تۇرىمەن. سىزنىڭ كۆلكىڭىزلا ماڭا مۇشۇ كۆنلەردە ئاش - تاماق، خۇلقىڭىز شىپالىق دورا بولۇۋاتىدۇ دەڭە! سىز رەنجىسىڭىز، خاپا بولسىڭىز ئۆتۈم يېرىلىپ كەتكۈدەك بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن. زىۋەرەم، سىزلا مېنىڭ شادلىقىم، ھاياتىم جۇمۇڭ! سىز ئۇچۇن ئەل - يۇرت ئىچىدە ھەرقانچە تاپا - تەنە، دەشنەملەرگە پىسەنت قىلمايۋاتقان يەردە سىزمۇ بۇنچىلىك ئىشلارغا چىدىسىڭىز كېرەك. بىز باشتا بۇ قىسمەتلەرنىڭ مۇشۇنداق يۈز بېرىشلىرىنى ئويلاشقانغۇ؟ مېنى مۇنداق تار يەردە قىستاۋەرمەڭ! ئىشلار ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىپ كەتمەمدۇ؟ سەۋر قىلايلى، ئۆزىڭىز «سەۋردىن ھالۋا پۇتىدۇ» دەيتتىڭىزغۇ!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زىۋەرنىسانىڭ لولىلىق ئىسەدەشلىرى پەسكويغا چۇشۇپ ۋەزىيەت بىر ئاز ئۇخشالغاندەك تۇراتتى. مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇكاپات ئورنىدا ماڭا تۇتقان گۇللەر بىلەن دۇتارنى كۆتۈرگىنىمچە ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ئۆيگە جۇرئەت بىلەن كىردىم. مېنى كۆرۈپ تاماقلىرى گېلىدىن ئۆتمەي، كۆزلىرى يوغان ــ يوغان بولۇپ، قورققىنىدىن جوزىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتەي دەپ قېلىشقان ئۇكىلىرىمغا قايتىدىن جان كىردى. ئۇلار ئالدىمغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

ــ ئاپا، قاراڭە، ئۇكىلىرىم ئەجەب يامان جۇمۇك. جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش قىلىشقا شۇنداق ئۇستا.

ئۇلار قولۇمدىكى گۇللەرنى ئېلىپ دەرھال زىۋەرنىساغا:

ــ خاپا بولماڭ، ئاپا! بايا ھەدەمنىڭ مۇكاپات ئالغانلىرىنى سۆزلەۋېتىپلا رەنجىشلەرگە ئۆتۈپ كەتتىڭىز، تۇتۇڭە بۇ گۇللەرنى! ھەدەم ئۇچۇن بىز ناماقۇل، ــ دەپ تۇتتى. بۇ چاغدا قۇدرەتمۇ بىر تۇتام گۇلنى دادامغا تۇتتى. مەن دۇتارنى تۆردىكى قوزۇققا ئېسىپ قويدۇم، دادام مېيىقىدا كۈلگەندەك قىلدى. زىۋەرنىسا بىر چىنە ئاشنى مېنىڭ ئالدىمغا توككىدە قويغاندىن كېيىن ئۇستەلدىكى دادام ئىككىمىزنىڭ سۈرىتىنىڭ ئىككى يېنىدىكى لوڭقىلارغا گۇللەرنى تىزىپ قويدى. بايىقى مەن تالادا تۇرۇپ ئاڭلىغان جىددىي ۋەزىيەت ھەر ھالدا پەسىيىپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئالدىمغا كەلگەن تاماقنى ئىچىۋەردىم. بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندەك بولدى. مەن تاماقنى ئىچىپ بولۇپ دەرھال قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ يۇيۇشقا باشلىدىم. ئىشلىرىمنى

تۇگىتىپ بولۇپ، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشنى ياكى چىقىپ كېتىشنى بىلمەي ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىنىمدا گەپنى يەنىلا زىۋەرنىسا تەشتى:

— ۋۇي، ناخشا چولپىنى، بايىقى «ئانا، نەلەردە سەن» دېگەن ناخشىلىرىنى دادىلىرىغىمۇ بىر ئېيتىپ بەرسىلە. بالا باقىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ سېسىق گەپ قىلدى. مەن نېمە قىلارىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي دەسلەپ گاڭگىراپ قالدىم. بۇ ھېلىگەر خوتۇن بولدى قىلمىغاندى. ئۇ دادامنىڭ قولى بىلەن مېنى بابلىغىلىۋاتاتتى.

— ھەرنېمە بولسا ئائىلىمىز سەنئەتكار ئائىلىسى بولۇپ قالدىغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىسام يېڭى يىل سەنئەت كېچىلىكىدە ئاۋۇ ئابىت دېگەن نوچىمۇ جېنىغا باقماي مەكتىپىدە ئانىسىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتىپ خەقنى يىغلىتىۋېتىپتىمىش. بۇگۇن تازىمۇ ئوبدان جەم بولۇپ قاپتىمىز. ئىككىڭلار ئاشۇ ناخشىلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىسىلەرغۇ دەيمەن - ھە. ئېيتىپ بەرمەي ئۆيدىن چىقمەن دېيىشمە! داداڭلارمۇ ئاناڭلارنى ئەسلەپ يىغلاپ كېتەمدۇ تېخى. ھا - ھا - ھا...— زىۋەرنىسا ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ بولۇشىغا بىر كۈلۈۋالدى. ئۇ كۈلكىسىنى تەستە توختىتىپ:

— ئۆگەي ئانام خورلىۋەتتى، ئازغۇن - پازغۇن دېگەن يەرلىرى چۈشۈپ قالمىسۇن يەنە!

پاھ، پاھ، مۇنۇ جادۇگەرنى. بۇگۇن قېنىمىزنى تەشمەي تۇرۇپ ئىچەمدىكىنا؟! بىزنى قەستەن يار لېۋىگە سۈرەپ ئەكېلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان. مېنىڭ غەزەپتىن چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتىۋاتاتتى. دادام ئىچىگە چۈمۈلە كىرىۋالغاندەك بولالماي قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەڭقىسچىلىقتا قىلىنىۋاتقانلىقى ئۈزمەي چىكىنىۋاتقان ئاچچىق موخۇركىسىدىنلا مەلۇم ئىدى. ئاخىر دادام قاتتىق يۆتىلىۋەتكەندىن كېيىن:

— بولدى قىلساڭچۇ زىۋەر، شۇنچىۋالامۇ ئەزۋەيلىگەن بارمۇ؟ — دېدى بىزنى خۇش قىلىپ توك ۋە قاتتىقراق تەلەپپۇزدا.

— زىۋەر ئاپا، ئۇ ناخشىلارنى مەن توقۇۋالمىغان، چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم ئېيتىۋاتقان ناخشىلارغۇ ئۇ؟ بىز ئېيتساق نېمە بوپتۇ، — دېدىم ماڭا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولۇپ.

— نېمە بوپتۇ؟ — زىۋەرنىسا جان - جەھلى بىلەن ئورۇس توخۇسىدەك ھۈرپەيدى، — ھەي ئۇششۇك چۈجىسى، سېنىڭ ئېيتىشىڭ باشقىلارنىڭ ئېيتىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟ سەن بولساڭچۇ، قەستەن زىتىمغا تېگىۋاتىسەن.

— كىملا ئېيتمىسۇن، ئائىلە بۇزغۇنچىلىرىنى، ئۇنىڭ رەزىللىكىنى قامچىلاپ ئېيتىدىغان گەپ. قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما دەپتىكەن. ئۆزىدە ئىللەت بولمىغان كىشى ئۇنداق ناخشىلارنىڭ ئېيتىلىشىدىن پەرۋايى پەلەك. بەلكى ناخشا ھەم ناخشا ئېيتقۇچى بىلەن غايىبانە دوست بولۇپ قېلىۋېرىدۇكى، سىلىگە ئوخشاش تەنە، دوق ۋە لوللىلىق يىغىلىرى بىلەن ئۇششۇقلۇق قىلمايدۇ، — دېدىم جان ئاچچىقىم بىلەن.

— ۋۇي، بىرنى دېسەم ئوننى دەيسەنغۇ؟ «ئانىسى يوقنىڭ ئەمچىكى چوڭ» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن - دە، كونىلار. پاھ - پاھ، مونۇ زۇۋانداىرازنىڭ گېپىنى - ھە؟! — دېدى زىۋەرنىسا.

ــ ھە «سىزنىڭكى بار سەكرەيدۇ» دېگەن مۇشۇدە. سەكرىسىلە، يەنىمۇ سەكرىسىلە. شەيتانلارغا دەرس بەرگۈدەك ئالۋاستى مودىلغا ئوخشاپ باشقىچىلا گۇزەللىشىپ كېتىدىكەنلا... ــ گېپىم تۈگىمەستىنلا دادام قاتتىق ۋارقىرىدى. بۇ تۇيۇقسىز ۋارقىراشتىن يۈرىكىمىز قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى.

ــ بەس! زۇۋانىڭنى يىغىشتۇرۇش! كاللامنى ئارامىدا قويۇپ، چىقىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلاش!

زىنۋەرنىسا گەپتە يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن يەنە ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۆكىلىرىمغا ئاستا شەرەت قىلدىم ــ دە، ياتاق ئۆيىمىزگە چىقىپ كەتتۇق.

ئاپا، جېنىم ئاپا، سىز بەلكىم مېنى بەك ئاشۇرۇۋېتىپسىز دېيىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، قانداق قىلىمەن؟ ئىككى يىلدىن بېرى چىدىدىم، ئۇنىڭ قىلىدىن قىيىق كەتسىلا دادامغا بىزنى چېقىپ يامان كۆرسىتىشكە تەييار تۇرىدىغان ھەرىكەت، گەپ ــ سۆزلىرىدىن جاق تويدۇم. ھەرقانچە قىلسامۇ زادىلا ئىچىمگە سىغدۇرالماس بولدۇم. بەزى كۈنلىرى ئەلەم ــ خورلۇقلار دەستىدىن «چىقىپ كېتەي دېسەم ئاسمان يىراق، كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق» تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ دەردلىرىمنى سىزگە يازماي كىمگە يازىمەن؟ كىمگە دەيمەن؟ ئۇ ئىشلارنى سىزنىڭ ساقايماس قەلب جاراھىتىڭىزگە تۇز سەپكەندەك قىلماي دەپ يازماي كېلىۋاتاتتىم. ئەمدى ئېيتاي، ھەر ھالدا ئاڭلاپ قېلىڭ.

دەرد ــ ئەلەملەر جانغا پاتقاندا، سىلەرنى سېغىنغاندا، پىغانىم ئۆرلىگەندە بەزى تۈنلەردە قوروغا، ئۆينىڭ ئارقىسىغا، ھەتتا تالاغا چىقىپ: «ئاپا، نەدىسىز، ھەدىلىرىم سىلەرچۇ؟» دەپ يىغلاپ كېتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com


ئاھلىرىمغا چىدىماي يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ مەيۈسلەنسە، ئاي جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، پارچە - پۇرات بۇلۇتلار بىلەن يۈزىنى چۈمكەشكە ئۇرۇنغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئادەمدىن بەخت قاچسا ھەممە نەرسە تەڭ ئۆزىنى چەتكە ئالىدىكەن، ئاپا. ھەتتا دادام بولغان ئادەممۇ ھەق - ناھەق ئالدىدا ئىككىلىنىپ ئىنجىقلاپ ئولتۇرسا نېمە دېگۈلۈك؟ كىممۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇتۇق، شان - شەرەپلىرىدىن خۇرسەن بولمىسۇن؟ مېنىڭ بۇ قېتىمقى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئالقىشلانغان ناخشام ۋە ناخشا ئېيتىش ماھارىتىم ماڭا شۇ مەيداندا خۇشاللىق ئاتا قىلسا، ئائىلىگە كەلگەندە مانا مۇشۇنداق كۆتۈرۈۋالغۇسىز دەردۇ دىشۋارچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۆگەي ئانام كېچىچە دادامغا ۋە بىزگە ئۇيقۇ بەرمىگەندىن سىرت، ئەتىسى بىزگە ئاڭلىتىپ يۈرۈپ بىر كۈن دېگۈدەك ئەزۋەيلىدى:

- بۇ جۇۋاينىمەكلەرنىڭ بېشىغا قازان ئېسىپ، كۆتىگە ئوت قالىمىسام، نېمە قىلغىنىمغا شۇنچىۋالا خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا مېنى خورلىۋەتتى دەيدۇ؟ تېخى مېنىڭ سېزىكىم بارمىش. ۋۇي زوۋانى تۇتۇلغۇر، ناخشا ئېيتماق تۈگۈل ئۈنلىرىڭ ئۆچۈپ، شەرەتكىمۇ چۈشۈپ قالارسەن، ئىلاھىم.

داداممۇ زىۋەرنىساغا ماسلاشقان ھالدا ساقالسىز ئېڭەكلىرىنى تىترىتىپ، بىگىز قولىنى بىزگە قارىتىپ سىلكىشلىگىنىچە: «خەپ توختاپتۇرۇش، كەچمۇ بولار» دەپ ئۆزىنى موخۇركىسىغا زورلايتتى. دادامنىڭ بۇ ئەلپازىدىن: «كەچتە قانداق تارتقۇلۇقىمىز باردۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇتقان - قويغىنىمىزنى بىلمەي، ماڭساق پۇتلىشىپ، سولىشىپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق.

قوياشنىڭ پاتماسلىقىنى، كەچ كىرمەسلىكىنى شۇنچىلىك تىلەشتۇق. بۇ مۇمكىنمۇ؟

مانا قېرىشقاندەك تېزلا كەچ كىردى. بىز چوڭ ئۆيگە ئاياغ باسالمىدۇق. ياتاق ئۆيىمىزدىلا كۆلگە چۇشۇپ كەتكەن ئىككى زاغرا كۆمەچنى غاجاشتۇرغانچە بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭغا ئۇششۇك چۈجىلەردەك تىقىلىپ ئولتۇرۇشتۇق. «ئادەم ئۆلگەندە گۆرگە قويۇپ يەتتە كەتمەن توپا تاشلىنىشى بىلەن مۇنكىر ـ نەكىرلەر گۆرزىلىرىنى ئېلىپ كىرىپ ئۆلگۈچىدىن سوئال ـ سوراق سورايدۇ» دېگەنلەرنى ئاڭلاپ قېلىشۇدىم، داداممۇ ئاشۇ ھالەتتە كىرىپ كېلىدىغاندەك قورقۇش ئىچىدە تىترىشەتتۇق. يان ئۆيدىكى زىۋەرنىسانىڭ قارغاشلىرى يۈرىكىمىزنى ھە دەپ مۇجۇيتتى.

ئەل ئايىغى بېسىققان مەزگىل بولسا كېرەك، بىز ئويلىغان دەھشەتلىك دەقىقىلەر باشلاندى. ئىشىك قاتتىق بىر تېپىك بىلەن جالاقلاپ ئېچىلدى. تەكچىدە پىلدىرلاپ تۇرغان شام ئىشىك قانتى ئېچىلىش بىلەن كىرگەن شامالنىڭ تەسىرىدە لاپپىدە ئۆچتى. ياتىقىمىزدا تەسۋىرلىگۈسىز زۇلمەت ھۆكۈم سۈردى. دادامنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەھرلىك تەلەتىنى كۆرەلمىدۇق. داداممۇ بىزنىڭ ناتىۋان، مىسكىن قىياپىتىمىزنى كۆرەلمىدى. دادام دەسلەپ بار ئاۋازى بىلەن زىۋەرنىسانى ئاڭلىسۇن، كۆڭلى ئەمىن تاپسۇن دېگەندەك بىزنى تىل ـ ھاقارەت قامچىسى ئاستىغا ئالدى. ئاندىن ئاۋازى بارغانسېرى پەسىيىپ: «ئۇ ئايال بىلەن نېمانچىۋالا قارشىلىسىلەر؟ مېنى كۆن كەچۈرگىلى قويساڭلار بولمامدۇ؟ مېنىڭدىمۇ نېمە ئامال بار دەيسىلەر؟» دەپ دېمى ئۆچكەندەك مىشىلداشقا باشلىدى. دادام قاراڭغۇدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ھېچكىم كۆرمەستە يىغلىۋالاي دېگەندەك ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. بۇ ئىشتىن ئۆچىم سىير ىلغاندەك، يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بىلىنىپ كەتتى. راست ئەمەسمۇ، قەدەمنى خاتا باسقان دادام، «ئۇياقتا قارىسا ھارۋا ئۆرۈلىدۇ، بۇ ياقتا قارىسا چاق سۇنىدۇ» دېگەندەك شېرىن - شېكەر سۆزلۈك، تۇلكە مىجەز ئايالى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئايرىدە بولغان بىز باللىرى ئارىسىدا ئىككى تۇگمەن تېشى ئارىسىدا تارتىلىۋاتقان ئارپا - قوناقتا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. دادامنىڭ: «باللىرىم، سىلەر نەدە؟» دېگەن بوغۇق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئۆزۈمنى ئاتتىم. «ئۇكىلىرىم بۇياقتا كېلىڭلار، تاپسىغا!» دېدىم - دە، ھەممىمىز بىر هازا ئېسىلىشىپ ئۈنسىز يىغلاشتۇق.

— ئاھ، جېنىم باللىرىم!

— جېنىم دادا!

ئاپا، جېنىم ئاپا، دادام بىزنى پۈتۈنلەي يامان كۆرمەيدىكەن. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى چاچلىرىمنى ھۆل قىلىۋەتكەنگە قارىغاندا ئوبدانلا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئاپا، بۇ خەتنى ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىدىكى مەجنۇنتالنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇپ، تاپشۇرۇق ئىشلىگەن بولۇۋېلىپ يوشۇرۇنچە يېزىۋاتىمەن. دادامنىڭ نىمجان قەلبىدىن مېنىڭ قەلبىمگە سىرغىپ كىرىپ كەلگەن يىغىنى يىغىشتۇرۇۋالماي ھېلىغىچە يىغلاۋاتىمەن. مەكتەپكە بېرىشقىمۇ رايىم بارمىدى. بۇ قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشاش، ئەمما رېئال بولغان روھىي ئازابلىق تۇرمۇشتىن قانداقمۇ، قاچانمۇ قۇتۇلارمىز؟ ئاپا، سىز ئۇچۇن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايمەن. بۇ خەتنى

يېزىپ كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئەمما، غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەم ۋە سىزگە بولغان سېغىنىشلار مۇشۇنداق يېزىشقا مەجبۇر قىلدى ...

سىلەرگە ئامانلىق ۋە بەختلەر تىلەپ ھەم چوڭقۇر سېغىنىپ، ئائىلە شادلىقىغا زار بولۇۋاتقان پەرزەنتلىرىڭىز راملە، سانىيە، ھەلىمە، ئابىت ۋە قۇدرەتلەردىن.

خەير ـ خوش، يېقىن كۈنلەردە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش نېسىپ بولسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىككىنچى باب ئۇچرىشىش

مانا خەتنى ئوقۇپ چىقتىم. يېنىشلاپ نەچچە قېتىم ئوقۇۋەتتىم. بۇ خەت قولۇمغا چۇشۇش بىلەن كۆڭۈل ئارامىمنى قويمايدىغان بىر كۇشەندىگە ئايلاندى دېسەممۇ بولىدۇ. پات ـ پاتلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە خۇددى سۆزلەپ قالغان ئادەمدەك «بىچارە باللار» دەپ تاشلايتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايالىم:

ــ نېمە بولدى سىزگە، ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بېرى جىمپلا كېتىۋاتىسىز، ھەتتا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايسىز، سۆزلەپمۇ قويىسىز، مىجەزىڭىز يوقمۇ ياكى بىرەر چوڭراق ئەسەرنىڭ سۇژېتىنى تۇزۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتامسىز؟ ـــ دەپ سوراپ قالدى.

ــ ھەئە،ــ مەنمۇ قىسقىلا جاۋاب بەردىم.

ــ بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈكقۇ مەن. ھەرنېمە بولسا سوراپ باقاي، زادى نېمە ئىشلار بىلەن بەند بولۇۋاتىسىز؟ ئادەمنى تولا ئەنسىرەتمەي، سىرلىق بولۇۋالماي گېپىڭىزنى قىلىڭ! بىرەر سەتەڭ بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇپ قويمىغاندۇ؟ ھازىر ئاڭلىسام، ئەللىك ياشتىن ئاشقانلاردىن ئاداشقانلار ئاز بولمايۋېتىپتۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت سالغان يېمەكلىكلەر راستتىنلا خەقنىڭ ئەقلىنى بۇلغاۋاتامدۇ، نېمە،ــ دەپ چېقىشىپ مۇرەمدىن يېنىك نوقۇشتۇرۇپ قويدى.

ــ راست ئېيتىسەن، تۇرمۇشتا باشقا ئىشلارغۇ ئۆز يولىدا بىر تەرەپ بولۇپ ماڭىدىكەن. ئەمما، غەيرىي

چوكانلار ئارىلاشقان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بۇنچىۋالا پاراكەندىچىلىكلەر سېلىشىنى دېگەندەك چوڭقۇر ئويلىشىپ كەتمەپتىكەنمەن.

— ۋاي، نېمە دەيدىغانسىز ؟! چىقىشىپ مۇنداقلا بىر گەپنى قىلسام، راستتىنلا ئۇستىڭىزدىن چۈشتۈممۇ نېمە. يائاللا! سۆزلىسىڭىزچۇ، يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمەس!

مەن ئايالىمنىڭ جىددىيلەشكەن تۇرقىغا قاراپ كۈلۈشكە مەجبۇر بولدۇم ۋە ئىزاھات بېرىشنى لايىق تاپتىم. تۇرمۇش دېگەندە بۇ خىل چاقچاقلارغۇ بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ قاراپ تۇرۇپ ساق باشنى ئاغرىق قىلىۋالماسلىق كېرەك - دە.

— ھەي سائادەت، گەپنى نەلەرگە ئەكېتىۋاتىسەن؟ چاقچىقىڭنى يىغىشتۇر! بۇ ياشقا كەلگەندە پوق يەپ يۈرىدىغان ساراڭ بولۇپ قالمىدىم. دېگىنىڭدەك قۇتلۇق ئۆيىمىزدىن ئۇنداق ۋاپاسىزلىق، ۋىجدانسىزلىقلار مەڭگۈ نېرى بولسۇن!

— ۋاي مەمەتجان، ئادەمنى تولا قايمۇقتۇرۇپ ساراڭ قىلىپ ئوينىماي، بار ئەھۋالنى ئۇدۇللا سۆزلىسىڭىزچۇ! بىلىپ قالاي، ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

مەن تېپىۋالغان خەت توغرۇلۇق بىر ئاز ئىزاھات بېرىپ قويۇپ، خىروم سومكامدىن خەتنى ئېلىپ ئايالىمغا سۇندۇم.

— ئوقۇپ چىقىڭە. تۇرمۇش سەن بىلەن بىز ئويلىغاندەك ئىچىمۇ - تېشىمۇ بىر پۈتۈن نەرسە ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئىچى تۈتۈن تەرەپلىرىمۇ بار ئىكەن.

بىز ئاشۇنداق پاراڭلىشىپ تۇرۇشىمىزغا، ئىشىك «تاك - تاك» قىلىپ سىپايە چېكىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ھە، رۇخسەت! — دېدىم مەن، — ئىشىك ئوچۇق، كىرىۋېرىڭ.

ئىشىك «غاچ» قىلىپ ئېچىلدى ـ دە، ئىككى بالا پىيونېرلىق سالىمىنى قىلىپ بىر پارچە تەكلىپنامىنى قولۇمغا ھۆرمەت بىلەن تۇتقۇزدى. تەكلىپنامىدە «بۈگۈن ئەتىگەن سائەت سەككىز يېرىمدا يېزىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ‹1 ـ ئىيۇن›، خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

سۈزۈك بۇلاق يېزىلىق مائارىپ ئىدارىسى» دېگەن قۇرلار يېزىقلىق ئىدى.

تەكلىپنامىنى ئوقۇپ تۇرۇشۇمغا، سىرتتىن ماشىنا سىگنالى ئاڭلاندى ھەمدە ھايال ئۆتمەي ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى مەۋلۇدە (بۇرۇن مېنىڭ ئوقۇغۇچىم ئىدى) كىرىپ كەلدى ۋە ھال ـ ئەھۋال سورىغاچ:

— بىز سۈزۈكبۇلاق يېزىسىغا ماڭغانىدۇق. قارىساق قورۇيىڭىزنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرىدۇ. سىزگە سالام بەرگەچ پائالىيەتكە ئالغاچ كېتەيلى دېيىشىۋىدۇق، — دېدى.

— ھە، ھە، ياخشى گەپ! ياخشى كەپسىلەر. ئالدى بىلەن تۆرگە ئۆتۈپ بىرەر چىنە چاي ئوتلاپ، ئاندىن...

مەۋلۇدە سائىتىگە قارىدى ۋە دەرھال:

— ياق، ياق، رەھمەت مۇئەللىم، سائەتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. كۆپچىلىك قاراپ قالمىسۇن! قېنى ماڭايلى!

بىز پائالىيەت ئۆتكۈزۈلىدىغان يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، بارابان، دۇمباق، مارش سادالىرى ئىچىدە ئوقۇغۇچى ـ

ئوقۇغۇچىلار رەت ـ رېتى بىلەن مەيدانغا كىرىپ كېلىۋاتقانىكەن. يېزىنىڭ، مائارىپنىڭ مەسئۇللىرى ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى ھەيۋەت ياسالغان سەھنىگە باشلاپ چىقتى. سەھنە ۋە مەيدان رەڭگارەڭ بايراق، پىلاكات ۋە ھەر خىل مودېللار بىلەن تولغان، جۇلالانغان، جاللانغانىدى. سەبىي تىلەكلىك غۇنچىلار، ئۈمىدلىك كۆزلەر، شاد ـ خۇرام كۈلگۈن چېھرىلەر بىزگە قاراشقانچە مەيدان بويلاپ قىزغىن چاۋاك ياڭراتتى. يىغىن باشقۇرغۇچى رەھبەرلەر ۋە ۋەكىللەر ئىسمىنى ئاتاپ سەھنىگە تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن كۆن تەرتىپ بويىچە يىغىننى باشلىدى. دۆلەت شېئىرى ئورۇنلىنىپ بايراق چىقىرىلدى ھەمدە كەپتەرلەر كۆككە قويۇپ بېرىلدى.

تەبرىك سۆزلىرىدىن كېيىن پارات باشلىنىپ كەتتى. ئېلىمىز ۋە يېزىنىڭ ئىسلاھات داۋامىدىكى مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، كارخانا ئىشلىرىدىكى تەرەققىيات، يۇكسىلىشلەر ئىپادىلەنگەن رەسىم تاختىلىرىنى كۆتۈرگەن ھەم گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا ھەرقايسى مەكتەپلەر ئۆچرەت ۋە رېتى بىلەن تەنتەنە قىلىپ جاسارەتلىك، روھلۇق قەدەملىرى بىلەن پاراتتىن ئۆتۈشتى. بولارنىڭ ئىچىدە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىپ، ئۈزۈلمەس چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلانغىنى تۆۋەنكى مەھەللە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرى بويىچە ياساپ چىققان ماشىنا ئادەمنىڭ ئۆزگىچە خاس ھەرىكەتلىرى بولدى. مەزكۇر ماشىنا ئادەم كاردون كوروپكىلاردىن ياسالغانىدى. ئۇنىڭ قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى، سالماق ۋە جەسۇر قەدەملىرى بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشلىرى كەڭ كۆرۈرمەنلەرگە يېڭىلىق تۇيۇلۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تەرەققىيات مەزمۇنلىرىدىن بېشارەت بېرىش بىللە، يېڭى كەشپىياتقا، كېيىلەچەككە تەلپۈنۈش ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

«ۋاھ، بۇنى كىم پىلانلىغاندۇ؟ كىممۇ ياساپ چىققاندۇ؟ بۇ رولنى ئېلىۋاتقان قانداق كىچىك دوستتۇر - ھە؟» دېگەندەك تەقەززالىق سوئاللار بىلەن قىزىقىش ھەم زوقمەنلىك كەيپىياتقا تولغان كۆزلەر ئاشۇ نۇقتىغا تىكىلگەنىدى.

پارات تۈگەش بىلەن مەيداننى يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك زىلزىلىگە سېلىپ رادىيو كانىيى ئارقىلىق يىغىن باشلىغۇچى تەرىپىدىن بايىقى ماشىنا ئادەم شۇ پېتى سەھنىگە تەكلىپ قىلىندى. ماشىنا ئادەم غالىبلارچە سالامنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن يۈز نىقابىنى ئېلىۋېتىپ مەيداندىكى يىغىن ئەھلىگە، رەئىس سەھنىسىدىكى رەھبەر ۋە ۋەكىللەرگە ئالاھىدە سالام بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈردى. مەۋلۇدە ھاكىم بىر دەستە گۈل بىلەن بۇ ماشىنا ئادەمنى ئالقىشلاپ ماڭلىيىدىن سۆيدى. مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ئۈزاققىچە ياڭرىدى.

بۇ ئۇماققىنا قولىلىرى بىلەن سالام بەجا كەلتۈرۈۋاتقان، ھەرىكەت - قىياپەتلىرىدىن چەبدەسلىكى چىقىپ تۇرغان ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئىدى.

— بۇ ماشىنا ئادەمنى كىم لاھىيەلەپ ياساپ چىقتى؟ — دەپ سورىدى مەۋلۇدە ھاكىم ئوقۇغۇچىدىن.

— ئۆزۈم ئويلاپ ياساپ چىقتىم.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئابىت!

— مۇنداق ماشىنا ئادەم ياساش ئىشى قانداق كاللاڭغا كېلىپ قالدى؟

— تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ ئۆگىنىۋالغان. مەكتەپ بىزگە بۇ يىللىق باللار بايرىمىغا پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىن سوۋغا تەييارلاپ كېلىش توغرىسىدا تاپشۇرۇق بەرگەنىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ياسىغانىدىم. مۇئەللىملىرىم ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرى بۇنى كۆرۈپ ماڭا قايىل بولۇپ كەتتى ھەمدە پاراتقا قاتناشتۇرۇشنى ئېيتتى. بىر ھەپتە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مېڭىش - تۇرۇشنى مەشىق قىلدىم، — دەپ دۇدۇقلىماي جاۋاب بەردى ئابىت.

— ساۋاقداشلار! — دېدى مەۋلۇدە ھاكىم ئابىتنىڭ يەلكىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ تۇرۇپ، — كۆردۈڭلار، بۇ ساۋاقدىشىمىز ماشىنا ئادەم مودېلىنى ياساپ چىقىپ ھەم ئۆزى ماشىنا ئادەم رولىنى ئېلىپ پاراتتىن ئۆتتى. ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، يېڭىلىققا تەلپۈنۈش روھىنى، ھازىر ۋە كېلەچەككە بولغان ئىشەنچىنى نامايان قىلدى. كىچىك دوستلارغا نىسبەتەن ئۈمىدىمىزنى جۇلالاندۇرۇپ، ۋۇجۇدىمىزنى ئېپتىخارلىققا تولدۇردى. باشقا ساۋاقداشلارمۇ ساۋاقداش ئابىتتەك ئىجادىي، ئىلمىي ئىزدىنىشلەردە بولۇشۇڭلارنى، يېڭى - يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتىپ دەۋر تەلپىگە ماس يارامىلىق ئىز باسارلاردىن بولۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن! بارلىق باللارنىڭ بايرىمى تېخىمۇ شاد - خۇراملىققا تولسۇن! ئوقۇش - ئۆگىنىشىڭلار ئەلا نەتىجىلىك بولسۇن!

مەيدان يەنە بىر قېتىم ئالقىش، تەنتەنە سادالىرى بىلەن لەرزىگە كەلدى!

كۈنتەرتىپ بويىچە ھەرقايسى مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى بايرام تەنتەنىسىگە بېغىشلاپ تەييارلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاشقا باشلىدى. نومۇرلار بىر ـ بىرىدىن ئېسىل، نەپىس، قىزىقارلىق ئىدى. ئەمدىكى نۆۋەت تۆۋەنكى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە كەلدى. خور، ئۇسسۇل قاتارلىق نومۇرلار ئورۇنلانغاندىن كېيىن، «مېھرىبان ئانا» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ناخشا ئېلان قىلىندى. سەھنىدە ئابىت بىلەن دۇتار كۆتۈرۈۋالغان بىر ئوقۇغۇچى پەيدا بولدى. كۆپچىلىك بولارنى كۆرۈش بىلەن قىزغىن چاۋاك ياڭراتتى. سەھنىدىكىلەرمۇ: «بۇ ھېلىقى ماشىنا ئادەممۇ؟» دېيىشىپ قىزىقسىنغان ھالەتتە بۇ ئوقۇغۇچىغا قارىدى.

ناخشا دۇتارنىڭ تولىمۇ مۇڭلۇق، يېقىملىق تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن باشلىنىپ بىردىنلا ھەممىنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالدى. مەيداندا سۈكۈناتقا چۆمگەن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردىكى، ناخشا بىلەن دۇتارنىڭ سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك بىرلىشىپ كەتكەن سېھىرلىك كۈيى قەلب ۋە ۋۇجۇدلارنى ئېرىتمەكتە ئىدى. ئالدى بىلەن ناخشىچىنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبى ئېرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن ئاققان ياش ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى مەڭزىلىرىنى بويلاپ تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ـــ پاھ! ناخشا دېگەننىڭ سېھرىي كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ جۇمۇ، مۇڭلا، ـــ دېدى ھاياجىنىنى باسالمىغان مەۋلۇدە ھاكىم. ناخشا ئېيتىۋاتقان ئابىتقا ۋە ئۇ ئېيتىۋاتقان ناخشا مۇڭىغا مەنمۇ ئىختىيارسىز غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتىمكى، قانداقتۇر بىر ئەسلىمە كۆڭۈل خاتىرەمنى ۋاراقلىماقتا ئىدى. «بۇ ناخشىنى رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان، شۇنداقلا بۇ ناخشا ۋە مۇشۇنداق بىر ناخشىچى توغرىسىدا تەسىرلىك

پاراڭلارنى چۈشۈمدە ئاڭلىغاندەك قىلىمەنغۇ؟» دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كەچمەكتە ئىدى. ھە راست، مۇنۇ ئۇنتۇغاقلىقىمنى كۆرمەمدىغان، ھېلىقى تېپىۋالغان خەتتە مۇشۇ تۇغرۇلۇق گەپلەر يېزىلغان ئەمەسمىتى... قانداقلا بولمىسۇن پائالىيەتتىن كېيىن ماشىنا ئادەمدىن ياق، ئابىتتىن بەزى ئەھۋاللارنى سوراپ باقايچۇ دېگەننى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ناخشا ئېيتىلىپ بولدى. ناخشا ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلاندى. مەن بايا پىيونېرلار تاقاپ قويغان گالستۇكنى بوينۇمدىن ئېلىپ ئابىتتىنىڭ بوينىغا، كۆكسۈمدىكى گۈلنى بولسا ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقاپ قويدۇم ھەمدە:

— ناخشا ئېيتىشتىمۇ كارامەت ماھارىتىڭ بار ئىكەن جۇمۇ! ناھايىتى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىۋەتتىڭ، بىز بىر ئايرىم پاراڭلىشايلى،— دېدىم.

نومۇرلارنى ئورۇنلاش نۆۋىتى ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇغۇچىلار شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشتى، نەسر ئوقۇشتى، شۇنداقلا ئوقۇش بەدەل پۇلى، كىتاب پۇلى تاپشۇرالماسلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشتىن چېكىنىپ كۆمۈرچىلىك قىلىۋاتقان بالا ھەققىدە بىر ئېپىزوتمۇ ئوينالدى. ئاخىرىدا «ئانا، نەلەردە سەن» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ناخشا ئېلان قىلىندى. مانا بۇ ناخشىمۇ ماڭا تونۇشلۇق ناخشىنىڭ نامى ئىدى. «بەلكىم رادىيو ـ تېلېۋىزوردىن ئاڭلىغاندىمەن» دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە.

سەھنىدە غۇنچە بوي، خۇش پىچىم بىر قىز بىر ئىسكىرىپكىچى قىز بىلەن پەيدا بولدى ـ دە، كۆپچىلىك ۋە سەھنىدىكىلەرگە تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئىسكىرىپكىنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالىلىك ساداسى ئىچىدە ناخشا باشلاندى. بىردىنلا چاۋاك ساداسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈش بىلەن بۇ ناخشا ماشىنا ئادەم ئورۇنلىغان ناخشىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى لىرىك ئېقىمغا كىردى.

«كەلگىن ئالەمنىڭ جان ئانىسى،
ئەي مېھرىبان ئالتۇن قۇياش،
كەلگىن ـ كەلگىن يۇزۇمدىن سەن،
سۆيۇپ قويغىن ئاپام ئوخشاش.

تۇن كېچىنىڭ يۇلتۇزلارنىڭ،
باشپاناھى ئانىسى ئاي،
كەلگىن ـ كەلگىن چاچلىرىمنى،
تاراپ قويغىن خۇش بولۇپ قالاي...»

ــ بولدى، بولدى، نەق شۇ!

مەن شۇنداق دەپ ئۇستەلگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ تاشلىغىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن. مەۋلۇدە ھاكىم ۋە قاتارىمىزدا ئولتۇرغانلار ماڭا دەرھال لاپپىدە قاراشتى. مەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چېچىپ قويغىنىمنى ھېس قىلىپ ئۇلگۇردۇم ـ دە، خىجالەت بولۇپ كەتتىم. ئۇلارغا ئوڭايسىزلانغان ھالەتتە قول ئىشارىتى قىلىپ: «كەچۈرۈڭلار، كەچۈرۈڭلار! بۇ ھەقتە كېيىنچە پاراڭلىشايلى» دېدىم ـ دە، جىم ئولتۇرۇۋالدىم. خىيالىم بايىلا ئايالىمنىڭ قولىدا قالغان، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۇرىكىمدە چۇمۇلە ماڭغاندەك بىئارام ۋە تەقەززا قىلىپ كەلگەن ھېلىقى تېپىۋالغان بىر پارچە سالام خەتكە ۋە ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرگە كەتكەندى.

كۆڭلۇمدە ئازغۇن دادىغا لەنەت ـ نەپرەت مۆلدۈرى ياغدۇرماقتىمەن. ۋۇجۇدىدىن بالا ئاپىرىدە بولمىغان،

بالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، باللارنى خورلايدىغان «مەختۇمسۇلا» چۆچىكىدىكى مەستانە كەمپىر سىياقلىق زىنۋەرنىساغا غەزىپىم تېشىپ، ئۆتۈم يېرىلغۇدەك بولماقتا ئىدىم.

ناخشا ئاخىرلىشىش بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قىزغىن چېلىنغان چاۋاكلار ئۆزگىچىلا دەبدەبە ۋە تەنتەنە ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ: «ۋاھ! نېمىدېگەن مۇڭلۇق ناخشا بۇ؟ ئادەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ھاۋانچىدا سوققاندەك قىلىۋەتتى!»، «تىرىك يېتىملىكنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ھەقىقىي دەردمەنىنىڭ يۈرەك زارىغۇ بۇ» دېيىشلەر مېنى نورمال ھالىتىمگە كەلتۈردى.

«راست دەيسىلەر، راست دەيسىلەر، ـ دېدىم ئىچىمدە، ـ بۇ بىر تىراگېدىيەلىك مۇدھىش تۇرمۇش قاينىمىدىن ۋولقاندەك پارتلاپ چىققان ناخشا! بۇ بىر ئېچىنىشلىق ھېكايە تەپسىلاتىنى كېيىن بىلىپ قالىسىلەر...»

مەن ناخشىچىنىڭ ماھارىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلىدىم. ھەسرەتلىك نىدالىرى بىلەن كۆپتىن بېرى تېپىشماق بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ خەت، سىمفونىيەلىك سېھرىي كۈچكە ئىگە بۇ ناخشا، ناخشا بىلەن ئۇچراشتۇرغان بۈگۈنكى خاسىيەتلىك باللار بايرىمى پائالىيىتىدىن بەكلا سۆيۈندۈم. خۇددى بىر دۆۋە ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھاياجىنىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمايۋاتاتتىم. قىزچاقنى ئارتۇق گەپ ـ سۆزسىزلا قولىدىن يېتىلىگەن پېتىچە يېنىمغا، يەنى مەۋلۇدە ھاكىم ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدىم.

ـ ناخشىنى ئاجايىپ يېقىملىق، ھېسسىياتلىق

ئېيتتىڭىز. ناخشىڭىزمۇ بەك تەسىرلىك، مۇڭلۇق ئىكەن، — دېدى مەۋلۇدە ھاكىم قىزچاقنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ. قىزچاق بولسا بېشىنى مەيۈسكىنە تۆۋەن سالدى.

— مەۋلۇدە ھاكىم، — دېدى سول يېنىدا ئولتۇرغان يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، — بۇ قىز بايىقى «ماشىنا ئادەم» ياق، بايا «مېھرىبان ئانام» دېگەن ناخشىنى ئېيتقان ئابىتىنىڭ ھەدىسى سانىيە بولىدۇ.

— ۋوي، ئۇنداقتا بۇلار بىر سەنئەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ باللىرى ئىكەن - دە ! — دېدى مەۋلۇدە ھاكىم شادلىنىپ.

— ياق، ئۇنىڭ ئەكسىچە، — دەپ سۆزگە قوشۇلدى يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان كەنت ئاياللار مۇدىرى پاتىگۇل، — بۇ ھەقتە سۆزلىسەك گەپ تولا، بۇنىڭغا قىزىقسىڭىز ۋاقتىڭىز بولسا ئايرىم سۆزلەپ بېرەيلى. قىزىقسىڭىزلا ئەمەس، سىزدەك رەھبەرلەر بىر ئاڭلاپ قويۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى، — دەپ تەكىتلەپمۇ قويدى.

شۇنداق قىلىپ پائالىيەت ئاخىرلىشىشى بىلەن يېزىلىق مائارىپنىڭ مەسئۇلى بىلەن مەكتەپ مۇدىرى بىزنى ئۆرۈك، قولۇپنىك قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن راسلانغان بىر ئىشخانىغا تەكلىپ قىلدى.

مەن «ماشىنا ئادەم» بىلەن بوگۇن ناخشا ئېيتىشتا ئالاھىدە شۆھرەت تاپقان ناخشىچى قىز سانىيەنى باشلىۋالدىم. خەت توغرۇلۇق ۋە خەتتىكى سەرگۈزەشتىلەر مەسىلىسىنى يۈزتۇرا سۆزلىشىپ ئۆزۈمنىمۇ، ئۇلارنىمۇ ئەمىن تاپقۇزماقچى بولدۇم.

بىز مېۋە يېگەچ بوگۇنكى پائالىيەتنىڭ داغدۇغىلىق، كۆڭۈللۈك ھەم مەنىلىك ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا بىرپەس

پاراڭلاشتۇق. پائالىيەتتىكى باشقا كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلەر قاتارىدا ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلغان 4 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئابىتىنىڭ تەقلىدىي ماشىنا ئادەم كەشپىياتى، شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان سانىيەنىڭ ناخشىسى توغرىسىدا تەكرار - تەكرار سۆز بولۇپ كەتتى.

— مەۋلۇدە ھاكىم ۋە باشقا ساھىبخانا يولداشلار، مېنىڭ بۇ باللاردىن سوراشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر سوئالىم بار ئىدى، — دېدىم ئىككى يېنىمدا ئۆزلىرى توغرۇلۇق ئېيتىلىۋاتقان مەدھىيەلەردىن خىجىل بولغاندەك يەرگە بېقىشىپ ئولتۇرغان ھەدە - ئىنىنى ئىما قىلىپ.

— سوراڭ، سوراڭ، بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش بولغاندەك قىلىدۇ. بىزمۇ ئاڭلاپ قالايلى، — دېدى مەۋلۇدە ھاكىم ئولتۇرغانلاردىن.

— قىزىم سانىيە، ماڭا قاراڭ، سىز ئۈچ ئاي ئىلگىرى يەنى «8 - مارت» خانىم - قىزلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپىڭىزغا سالام خەت يازغانمىدىڭىز؟ ئۇ خەتنى پوچتىغا سالغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم. سانىيە سوئالىم بىلەن تەڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە ماڭا تىكىلىپ قارىدى. شۇئانلا جاۋابسىز ھالدا تارام - تارام ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى ھەمدە قول ياغلىقىنى ئېلىپ بىرپەس كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— شۇنداق قىلىپ ئۇ خەتنى چۈشۈرۈپ قويدىڭىز، شۇنداقمۇ، — دېدىم تىترىگەن ئاۋازدا.

— دەل شۇنداق، بۇنى سىز نەدىن بىلدىڭىز؟

— ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى رازىيەمۇ؟

— ھەئە، رازىيە، خەتنى سىز تېپىۋاپسىز - دە، ئۇ خەتنى شۇنداق پىغانىم ئۆرلىگەندە ياشلىرىمنى تۆكۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئولتۇرۇپ يازغاندىم. ئۇنىڭدىن كېيىن قولۇمغا تالاي قېتىم قەلەم ئالغان بولسامۇ ئۇنداق سۆز - جۈملىلەر، ھېسسىياتلار قايتا قەلىمىمدىن تامىمىدى. يازغانلىرىم كۆڭلۈمگە ياقمىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئىچ - قارنىم ئۆرتىنىپلا يۈردۈم.

— شۇنداق، ئۇ خەتنى ھەقىقەتەن قالتىس بىر ھېكايىدەكلا يېزىپتىكەنسىز. ئەپسۇس، مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆز ئىگىسىنى ۋاقتىدا تېپىپ قايتۇرۇپ بېرەلمىگەنلىكىمدىن بەكمۇ ئازابلىنىپ، تىت - تىت بولۇپ يۈردۈم. خەتنى پات - پات ئوقۇپ قويىمەن - دە، ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ ئېغىزىمنى غىجىملىغىنىمچە جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. سىلەر كۆز ئالدىمدا، كۆڭۈل ئېكرانىمدا نامايان بولۇپ يۈرەك باغرىم ئېزىلىپ كېتىدۇ. بۈگۈن يەنە شۇ خەت ئۈستىدە ئۆيدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ خەتنى ئۇنىڭمۇ ئوقۇپ بېقىشى ئۈچۈن بېرىپ قويۇپتىمەن. ھېلى قايتقاندا مەن بىلەن بېرىپ خەتنى ئېلىۋېلىڭ.

بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغان سانىيە ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئابىت خۇشال بولۇپ باشقىدىنلا يايراپ ماڭا ئېسىلىپلا كەتتى!

— ۋۇي، قالتىسقۇ سىلەر! تازىمۇ بىر ئەھمىيەتلىك ئۇچرىشىش بوپتۇ - دە بۇ، قىزىق ئىشلار بارمۇ، نېمە؟ — دەپ كۈلدى ۋە قىزىقسىنىدى مەۋلۇدە ھاكىم.

— ۋاي، بۇنى بىر دېمەڭ! ئۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئاڭلىسىڭىز، تۇرمۇشتا مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن دەپ ھەيران قالىسىز، — دېدىم ئىشەنچلىك قىلىپ.

— ھە، سانىيە قىز، بۈگۈن ئېيتقان ناخشىڭىز خەتتە يازغىنىڭىزدەك ئۆزىڭىز ئاھاڭغا سېلىۋالغان، كەنتتە «8 - مارت» خانىم - قىزلار بايرىمىنى تەبرىكلەش

پائالىيىتىدە ئېيتىپ بەرگەن ناخشىڭىزغۇ دەيمەن؟
— دەل شۇ ناخشا.
— ھە، مەن ئاشۇ ناخشىنى بايا سەھنىدە ئېيتىشىڭىز بىلەنلا، «دەل شۇ، تاپتىم» دەپ ئۇستەلنى شاپىلاقلاپ كەتكىنىمنى شۇ ۋەجدىن ئىدى،— دېدىم ھاياجىنىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمىغان ھالدا.
— ھە مۇنداقكەن - دە، بۇ ئۇستازغا نېمە بولغاندۇ، دەپ ئەنسىرەپ قېلىۋىدىم،— دېدى مەۋلۇدە ھاكىم قىزىقچىلىق قىلىپ.
بۇ گەپ بىلەن ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتۇق. كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى گېلىنى قىرىشتۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن ئۇچىنچى بىر شەخسىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تۇققۇز بالىلىق بىر ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن سانىيە ئۇكىلىرى بىلەن ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا تارتقان جەبىر - جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىنى، كەنت تەرەپتىن ئارىلىشىپ بۇ بالىلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئوقۇش پۇللىرىغىچە تۆلەپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئىنچام قىلىپ سۆزلىدى.
— بايىقى ناخشا ئاشۇنداق تۇرمۇشنىڭ ئوچىقىدا تاۋلانغان ئىكەن - دە، ناخشىڭىزنى ۋايىغا يەتكۈزگىنىڭىزدەك دەرسلەرنى ئېخمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ ئۆز ئىستىقبالىڭىزدىن چېچەك ئاچقۇزۇڭ! كەنت، يېزا، ناھىيەمىزدىكى رەھبەرلەر مانا مۇشۇنداق ئەۋلادلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايمىز، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت غەمخورلۇق قىلىمىز. بالىلارنى خورلاشقا ھەرگىز يول قويمايمىز، بالىلار بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، كېلەچىكىمىز !— دېدى مەۋلۇدە ھاكىم كەسكىنلىك بىلەن.

图书在版编目（CIP）数据

故乡之恋：维吾尔文/托合塔什·拜克里著. --
乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2013.11
ISBN 978-7-5515-3931-9

Ⅰ. ① 故… Ⅱ. ① 托… Ⅲ. ① 中篇小说-小说集-中国-当代
-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ① I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2013）第264884号

策　　划：阿布里克木·艾山
责任编辑：古丽娜尔·力提富
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：木拉丁·阿比提

故乡之恋（维吾尔文）

（儿童中篇小说集）

托合塔什·拜克里　著

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号　邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　5.375 印张
2014年1月第1版　2014年1月第1次印刷
印数：1—3000

---

ISBN 978-7-5515-3931-9　　定价：14.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

www.uyghurkitap.com



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد



# ماكان رىشتى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-3931-9

9 787551 539319

باھاسى : 14.00 يۈەن